2003
ژىل
ئاپرېل
№4
(4162)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

ئۇيغۇر باللىرىغا مىللىي كىيىم ئەجايىپ يارىشىدۇ.

ئۇچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت

جاۋاپكەرلىك ۋە شېرىكلىك

31 - مارت كۈنى مەملىكەت پرېزىدېنتى ھوزۇرىدىكى ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى بويىچە جەمىيەتلىك كېڭەشنىڭ بىرىنچى مەجلىسى بولدى، ئۇنىڭغا نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئىشتىراك قىلدى. بۇ ئورگاننى قۇرۇش ئىدىياسى ئۆتكەن ژىلى ئاپرېلدا ژۇرنالىستلارنىڭ بىرىنچى كونگرېسىدا كۆتىرىلگەن ئىدى. جەمىيەتلىك كېڭەشنىڭ تەركىۋىگە 23 ئادەم كىردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇمھۇرىيەتلىك ۋە رېگىوناللىق ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دېپۇتاتلار، ئىجرائىي ھاكىمىيەت ۋەكىللىرى بار. كېڭەشنى ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ رەئىسى سېيتقازى ماتايېۋ باشقۇرىدۇ.

مەجلىستە ن. نازاربايېۋ سۆزگە چىقتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە مەملىكەتتە سېنزۇرىنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقىنى، ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى ئۈچۈن سېلىق ئىمتىيازلىرى ئورنىتىلغانلىقىنى تەكىتلىدى.

- مەلۇمكى، ھەر قانداق دۆلەتتە سۆز ئەركىنلىكى ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى ئۇلارنىڭ نازارەتسىزلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، - دەپ تەكىتلىدى پرېزىدېنت. - شۇنداقلا ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ جەمىيەت ئالدىدىكى جاۋاپكەرلىكىمۇ مەنئىي قىلىنمايدۇ.

نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مەتبۇئات ئۈستىدىن ئۆتتۈر ئەمەس نازارەت مەۋجۇت بولغان فرانسىيە، ۋېنگرىيە، پولشا ۋە ئا ق ش قا ئوخشاش تەرەققىي ئەتكەن ئەللەرنى مسال كەلتۈردى.

دۆلەت رەھبىرى مەتبۇئات مىللەتلەر ئارا ۋە دىنلار ئارا ئوچمەنلىكنى ئۇۋج ئالدۇرماي، بىرىنچى نۆۋەتتە جەمىيەت مەنپىيەتلىرىنى ھمايە قىلىشى لازىم دەپ تەكىتلىدى.

- سۆز ئەركىنلىكى ئۆز بۆيرۇتمچىلىرىدىن مۇكاپات ئېلىش ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ، - دەپ تەكىتلىدى پرېزىدېنت. - بۇ سۆز ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى مالىيەۋىي قۇللۇق.

نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ شېرىكلەر سۈپىتىدە ئىشلەيدىغان ۋە تالاش - تارتىشلارنى مەدەنىيەتلىك ھەل قىلىش سىستېمىسىغا كۆچۈش ۋاقتى كەلدى دەپ ھېساپلايدۇ. بۇنىڭدا جەمىيەتلىك كېڭەشنىڭ ئابرويلۇق پىكىر قىلىش مەركىزى سۈپىتىدىكى رولى مۇھىم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

دەسلەپكى مەجلىسنىڭ يەكۈنى بويىچە جەمىيەتلىك كېڭەش دۆلەت رەھبىرى بىلەن يېرىم ژىلدا بىر قېتىم ئۇچرىشىدىغانلىقى توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىندى. لېكىن جىددىي ئاساسلار بولغان تەغدىردە دۆلەت رەھبىرى كېڭەش ئەزالىرىنى مۇددىتىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىشقا تەييار.

ئارمىيەگە چاقىرىش باشلاندى

قازاقستاندا ئەتىيازلىق ئارمىيەگە چاقىرىش باشلاندى. 27 - مارت كۈنى بۇ ھەققە تېگىشلىك پەرمانىنى ئالىي باش قوماندان نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئىمزالىدى. مۇداپىە مىنىسترلىكى مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، بىيىل 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئارمىيەگە چاقىرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا. بۇ ئۆتكەن ژىللاردىكىگە قارىغاندا خېلە ئاز. ھەربىي مەھكىمىدە بېرىلگەن ئىزاھەتكە قارىغاندا، بۇ سولداتلار، سېرژانتلار، ستارشىنلار لاۋازىملىرىنىڭ شەرتنامە بويىچە سەپەرۋەر قىلىنغان ھەربىي خىزمەتچىلەر ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن باغلىق.

بىيىل مۇددەتلىك ھەربىي خىزمەت قەرەلى ئۆزگەرتىلمىدى. جۈملىدىن، ئارمىيەگە چاقىرتىلغان ئالىي مەلۇماتلىقلار 1 ژىل، ئالىي مەلۇماتى يوقلار 2 ژىل خىزمەت قىلىدۇ.

مەبلەغنى ئىختىسات قىلىش مەخسىتىدە ھەربىي قىسىملارنى تولۇقلاش ئاساسىي جەھەتتىن تېررىتورىيە پرىنسىپى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. «تەجرىبىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، ھەربىي قىسىملارنى تېررىتورىيەلىك پرىنسىپ بويىچە تولۇقلاش ياش سولداتلارنىڭ ئەخلاقىي - پسىخولوگىيەلىك كەيپىياتىنى ژۇقۇرى كۆتىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىي كوللېكتىۋلارغا ئۆگىنىش مۇددىتىنى قىسقارتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار مۇددەتلىك ھەربىي خىزمەتنى ئۆزلىرى كۆنۈككەن كلىمات شارائىتىدا ئۆتەيدۇ، بۇ بولسا ئاغرىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ»، - دەپ تەكىتلىدى مۇداپىە مىنىسترلىكىنىڭ مەتبۇئات ماتېرىياللىرىدا.

مۇداپىە مىنىسترلىكىدە خەۋەر قىلىنىشىغا قارىغاندا، ھەربىي خىزمەتكە چاقىرغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە نسبەتەن تەلەپنى كۈچەيتىشتىن تاشقىرى، قازاقستان ئارمىيەسىدە 2001 - ژىلدىن باشلاپ ۋ ئى چ - ئىنفېكسىيەسىگە تېست ژۈرگۈزۈلمەكتە.

تەبرىكلەيمىز!
پەخرىي دىپلومغا سازاۋەر بولدى

يېقىندا ئالمۇتىدا، ئاباي نامىدىكى ئوپېرا ۋە بالېت تېاترىدا، قازاقستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە ئەڭ ياخشى دەپ ئېتراپ قىلىنغان ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرى رېداكسىيەلىرىگە 2002 - ژىلنىڭ يەكۈنى بويىچە، قازاقستان ژۇرنالىستىكا ئاكادېمىيەسى تەسىس قىلغان «ئالتىن ژۇلدىز»، «ئالتىن سامرۇق» مۇكاپاتلىرىنى ۋە پەخرىي دىپلوملارنى تاپشۇرۇش تەنتەنىسى بولۇپ ئۆتتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىجادىي كوللېكتىۋلار ئارىسىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسىمۇ بار. «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسى قازاقستان ژۇرنالىستىكا ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي دىپلومغا سازاۋەر بولدى.

بىز كەسىپداشلارنى بۇ مۇكاپات بىلەن سەممىي تەبرىكلەيمىز.

نوۋەتتىكى ئۇچرىشىش چولپان - ئاتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدۇ

ئىسسىقكۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان قىرغىزستاننىڭ چولپان - ئاتا شەھرىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا (ش ھ ت) ئەزا دۆلەتلەر مىللىي ئۇيغۇنلاشتۇرغۇچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشى بولىدۇ. ش ھ ت غا ئەزا ئالتە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى تەشكىلات دائىرىسىدە ھەمكارلىقنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئىستىقبالىنى، شۇنداقلا ش ھ ت نىڭ باشقا خەلق ئارا تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىدۇ. مىللىي ئۇيغۇنلاشتۇرغۇچىلار كېڭەشى تەشكىلاتنى مالىيە بىلەن تەمىنلەش پرىنسىپلىرىنى، شۇنداقلا ش ھ ت ئورگانلىرىنىڭ شۇ جۈملىدىن دائىم ھەرىكەت قىلىدىغان - كاتىباتنىڭ ۋە تېررورىزمغا قارشى رېگىونال تارماقنىڭ ئىش تەرتىۋىنى بەلگۈلەيدىغان ھۆججەتلەرنى قاراپ چىقىدۇ. كېڭەشنىڭ ئىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ش ھ ت غا ئەزا ئەللەر ئېكسپېرتلىرىنىڭ بەشىنچى ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدا ش ھ ت نىڭ تېررورىزمغا قارشى رېگىوناللىق تارمىقىنىڭ ئىش باشلاش توغرىلىق مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇچرىشىش دائىرىسىدە روسسىيە، قازاقستان، خىتاي، قىرغىزستان، تاجىكستان ۋە ئۆزبەكستاننىڭ مالىيە مەھكىمىلىرى ئېكسپېرتلىرىنىڭ مەجلىسى بولۇپ ئۆتىدۇ.

شەرىق - غەرىپ

خىتاي 2001 - ژىلدىن باشلاپ مەملىكەتنىڭ گازغا باي غەربىي رايونلىرىدىن گاز پروۋودىنى سېلىش لايىھىسىنى چاپسان سۈرئەتلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. 3900 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى گاز پروۋودى شىنجاڭ ئۇيغۇر ۋە نىڭشا - خۇئەي ئاۋتونوم رايونلىرىنىڭ ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەۋەلىرىدىن ئۆتىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا گاز پروۋودىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىشلار تاماملاندى ۋە غەربىي - شىمال گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەۋەسىدە 990 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى گاز پروۋودى قۇرۇلۇشى باشلاندى. نەرقى 4,8 مىللىارد دوللارنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ گاز پروۋودى ئارقىلىق ھەر ژىلى 12 مىللىارد كۇبومېتر گاز خىتاينىڭ غەربىدىن شەرقىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئاستانا بېيجىڭغا خ خ ج نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىغا گاز پروۋودى سېلىشنى ۋە ئۇنى كېلەچەكتە شەرىق - غەرىپ سىستېمىسىغا تۇتاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلغانلىقىغا قارىماي، خ خ ج نىڭ شەرقىي رېگىونلىرىدا ئىلگەركىدەكلا ئېنېرگىيە رېسۇرسلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى سېزىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىتاي رەھبەرلىكى قازاقستان رەھبەرلىكىنىڭ تەكلىۋىگە مەنپىيەتدارلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئېنېرگېتىكا ساھاسىدا ھەمكارلىشىشنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش مەخسىتىدە ئۇنى يېقىنقى ۋاقىت ئىچىدە قاراپ چىقىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО
"Висал"
РНН600400099802 МФО
190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк
"Центр Кредит"

ھەملىكەت سانائىتىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە مۇنازىرە

جەنۇبىي پايتەختتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتلار ئىنستىتۇتى ھەملىكەت سانائىتىنىڭ كېلەچىكى توغرىلىق مەركەزگە ئايلاندى. بۇ يەردە «ئىندۇستريال سىياسەت – تۇراقلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئامىلى» دېگەن ئىلمىي – ئەمەلىي كونفېرېنسىيە بولۇپ ئوتتى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسات ۋە بيۇدژېتنى پىلانلاش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، ئاتاقلىق تىجارەتچىلەر، ئالىملار قازاقستان سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالىنى مۇھاكىمە قىلدى.

يېقىندا ھوكۈمەتكە تەكلىپ قىلىنغان پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جۇمھۇرىيەتكە ئىقتىسات ئوسۇمىنىڭ ژۇقۇرى سۈرئىتىنى – كام دېگەندە ژىلىغا 9 پائىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئىچكى ئۇمۇمىي مەھسۇلات 2000 – ژىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 2015 – ژىلى ئۈچ – ئۈچ يېرىم ھەسسە كوپەيتىلىدۇ، مەھسۇلاتنى ياكلىۋاشتىن ئىشلەش سانائىتىدە ئوسۇش سۈرئىتى 8,4 پائىزنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمگەك ئۇنۇمى كام دېگەندە ئۈچ ھەسسە ئوسىدۇ. ئىقتىسات ۋە بيۇدژېتنى پىلانلاش ۋىتسې مىنىستىرى ئېربول ئورىنبايېۋ بەلگۈلەنگەن بۇ پەللىلەرگە باھا بەرگەن ھالدا، جۇمھۇرىيەت خام ئەشياغا بولغان يونىلىشتىن ۋاز كېچىپ، خىزمەت كورسىتىش – تېخنولوگىيالىك ئىقتىساتقا نىسبەتەن پرىنسىپال قەدەم تاشلىغاندا كوزلىگەن مەخسەتكە يېتىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئىقتىسات ۋە بيۇدژېتنى پىلانلاش مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللىرى ئوز نوۋىتىدە خۇسۇسىي تارماقتا ماركېتىنگ تەتقىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى، مەھسۇلاتنى سېتىش بازارلىرى ۋە ئىشلەپ چىقىرىشتىكى يېڭى تېخنولوگىيەلەر توغرىلىق ئەخبارات توپلاشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەينە شۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىيات ئورۇنلىرىنى قۇرۇش كېرەك، ئۇلار بولغۇسى لايىھىلارنىڭ كاپالىتى بولۇش مۇمكىن.

ۋۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن پروگراما ئۈچ باسقۇچتا: 2003 – 2005 – ژىللىرى، 2006 – 2010 ۋە ئاخىرىدا 2011 – 2015 – ژىللىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچتا ئەمەلدىكى قانۇنلارغا قوشۇمچىلار ۋە ئوزگەرتىشلەر كىرگۈزىلىدۇ، يېڭى قانۇنلار قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ – ئىقتىساتنىڭ بارلىق ساھالىرىدا دولەت پروگراممىسىنى پائال ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەۋرى، ئەندى ئۈچىنچى باسقۇچتا يېڭى سانائەت قۇۋۋەتلىرىنى جارىي قىلىش ۋە يېڭى ساھالاردا ھەم بازارلاردا قوشۇمچە تەننەرقلەرنى يولغا سېلىش ھەم بەلگۈلەش يۈز بېرىدۇ. تۇۋار ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئېكسپورت قىلىش ھەم خىزمەت كورسىتىشنىڭ ئوسۇش سۈرئىتى نېفت ۋە گاز چىقىرىش ئوسۇش سۈرئىتىدىن ئۈستۈن بولىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە.

سابىق شەرقىي تۈركىستان ھوكۈمىتىنىڭ قارارىغا بىنائەن 1945 – ژىلى 8 – ئاپرېل كۈنى ئىلگىرىكى پارتىزان ئوترادلىرى ئاساسىدا مۇنتەزىم مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنغان ئىدى. سۈرەتتە: مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر توپ ئوفىتسېرلىرى، ئوتتۇرىدىكى ئۈچىنچى كىشى (ئولتۇرغانلار) مىللىي ئارمىيە رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پولكوۋنىك زىيا سەمەدى. (سۈرەتنى كېيىنىمىز ئاكتىۋىستى ئازلە يۈسۈپوۋا بىزگە ھەۋالە قىلغان.)

ئىسلام ۋە ئىنسان

مۇندىن بىر نەچچە ژىل بۇرۇن قازاقستاندىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت بىلەن ئوز ئارا سوھبەتلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىر موسىپىت كىشى توردىن تۇرۇپ:

– باللىم سىزدىن سورايدىغان بىر مەسىلە بار ئىدى، – دېگىنىچە سوز باشلىدى ھېلىقى كىشى – ئومرۇمنى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىمەن. مېنىڭ ئۇققان مال – دۇنيالىرىم خېلە بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنى مەن ئولگەندىن كېيىن جىنازا مەراسىمىم ۋە نەزىر – چىراقلىرىم ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلماقچىمەن. شۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ياخشى بولامدۇ، بۇنىڭغا دىنىمىز نېمە دەيدىكىن؟

– بۇ مەسىلىنى سورىغىنىڭىز ياخشى بولدى. باشقىلارمۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئېگە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، – دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغا مەمنۇنلۇق بىلدۈرۈپ، – ئاۋال شۇنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئاللا تائالا قۇرئاندا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئولگۈچىنىڭ جىنازا مۇراسىمى ۋە نەزىر – چىراقلىرى ئۈچۈن سىلەر مەخسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچ بىرىنى بۇيرىغان ئەمەس، پەقەت ئولگۈچىگە ھورمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈچ كۈنگە قەدەر كۆڭۈل كۆلەردىن، ناخشا – مۇزىكىلار ياڭرىتىلىشتىن ئۆزاق تۇرۇش، ئولگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى ئاللادىن سوراش، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئانى كوپ قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقىلەرنى بېرىش، ئولگۈچى ئايال بولسا ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن تەزىيە بىلدۈرۈشى، ئەگەر ئولگۈچى ئەر بولسا، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا 4 ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتۇشى (يەنى 4 ئاي 10 كۈن توشمىغىچە ياتلىق بولماسلىغى) بۇيرۇلغان. ئامما نەزىر – چىراق ئوتكۈزۈش ئارقىلىق پېقىرلارنى، ژېتىم – يېسىرلارنى ۋە باشقىمۇ ئېھتىياج ئېگىلىرىنى غىزالاندۇرۇش ساۋاپلىق ئىشتۇر. دىنىمىز ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇنى ئورۇنلىشىنى بۇيرىغان. ئامما ئۇنىڭ ۋاقتى ئولۈشتىن بۇرۇندۇر! ھايات ۋاقتىدا قىلماي، ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە قىلىنغان سەدىقە، نەزىر- چىراق ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئاللا تائالا نەزىرىدىكى قىممىتى ۋە ئېتىۋارى ئاز بولىدۇ. كىشى ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە ژۇقۇرىقى ياخشىلىقلارنىڭ قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلىشنىمۇ پايدىسىز دېيىشكە بولمايدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ نىيىتى ئۇنىڭ بىلەن شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پېقىرلارغا، ژېتىم – يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇش شەرتى بىلەن ئەلۋەتتە ساۋاپ بېرىلىدۇ. ئامما ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان بۇ ياخشىلىقلارنى ئولمەستىن بۇرۇن قىلسىڭىز بۇنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ.

قايسى بىر ئىش ئۈچۈن بولمىسۇن ۋەسىيەت قىلىش سۈننەت بولغانلىقى ئېتىبا-

ۋەسىيەت

رى بىلەن ياخشى ئىشتۇر. ئامما ھەر كىمنىڭ سەدىقە ۋە نەزىر – چىراقلارغا ئوخشىغان ياخشى ئىشلارنى ۋارىسلارغا تاپشۇرۇپ قويغاندىن كورە، ئوزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغىنى شۈبھىسىز ئەلادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە سېنىڭ پېقىرلىقتىن قورقىدىغان، باي بولۇشنى ئارمان قىلىدىغان كۈنلىرىڭدە بەرگەن سەدىقەڭدۇر» دەپ كورسەتكەن.

ئالىملارنىڭ بىرى، بىراۋنىڭ ھايات ۋاقتىدا بەرگەن سەدىقىسى بىلەن، ئولگەندىن كېيىن بىرىشكە ۋەسىيەت قىلغان سەدىقىسىنىڭ پەرقىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، قاراڭغۇ تۈندە ئىچىگە شام يېقىلغان چىراقنى كوتۈرگىنىچە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر ھازا يول ژۈرۈپتۇ، ئاندىن چىراقنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىپ كورۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا چىراق ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغانلىقتىن يولنى روشەن كورەلمەي،تىمتاسلاپ ئاران مېڭىشىپتۇ، ئاندىن ئۇلار چىراقنى بۇرۇنقىدەك ئالدىغا قارىتىپ ماڭغىنىدا يولنى ئوچۇق، روشەن كورۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئالىم ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ:

– باللىرىم، كوردۇڭلارمۇ؟ ھايات ۋاقتىدا سەدىقە بەرگەن بىلەن، ئولگەندىن كېيىن سەدىقە بىرىشكە ۋەسىيەت قىلغاننىڭ پەرقى ئەينە شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، – دەپتۇ.

ۋەسىيەت قىلىش سۈننەت بولغان بولسىمۇ، ئولگۈچىنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراسنى قانداق بولۇشۇشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىشى جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق ۋەسىيەت ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، مىراسنىڭ تەخسىماتىنى ئاللا تائالا ئوزى بىۋاستە بەلگىلىگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ نىسا سۈرىسىدە بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىنمۇ ئىسلام مەزھەپلىرى ئارىسىدا مىراس مەسىلىسىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بىرەرمۇ مەزھەپ يوقتۇر. ئولگۈچى ئەگەر ئولۈشتىن بۇرۇن مىراسخورلىرىدىن بەزىسىگە بىر نەرسە بەرسە بولىدۇ، ئامما ئولگىنىدىن كېيىن بىرەرسىگە ئارتۇق مىراس بېرىلىشىنى ياكى بېرەلمەسلىكىنى ۋەسىيەت قىلىشنى بىكاردۇر. ئىسلام نەزىرىدە بۇنداق ۋەسىيەتلەر ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولماستىن ئۇلارنىڭ بەزىسىگە كوپ بىر نەرسە بېرىپ، بەزىسىگە ئاز بېرىشمۇ ئىسلام نەزىرىدە خاتادۇر. ئەگەر بىراۋ بالىلىرىدىن مەلۇم بىرىنى ئوقۇتماي ياكى ئۇنىڭغا تىرىكچىلىكنىڭ كەسىپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگەتمەي ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئىشىدا ئوزىگە شېرىك قىلىۋالغان ۋە باشقا باللىرىنى ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماتاشلىق قىلغان بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ ئوزىگە شېرىك قىلىۋالغان مەزكۇر بالىسىغا كوپرەك مىراس بېرىلىشىنى ۋەسىيەت قىلىشى جائىزدۇر. بۇنداق ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بالا ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ جۇملىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ كېلەچىگىنىڭ قۇربانى بولغان ھالدا، ئائىلىنىڭ ژۈكلىرىنى ئاتىسى بىلەن بىرگە كوتۈرۈپ، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوقۇپ ماتاشقا ئېگە بولۇشىغا شەرت – شارائىت ياراتقان ئېكەن، ئۇنىڭغا مىراستىن ئارتۇغىراق بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىش توغرىدۇر. ۋەسىيەت قىلغاندىمۇ مال – دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كوپىنى ۋەسىيەت قىلماسلىقى شەرتتۇر. (ۋەسىيەت ئۇنىڭ مىراستىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە). چۈنكى مىراس ئالماقچى بولغان مال – دۇنيا مىراسخورلارنىڭ ھەققىدۇر. ئامما مۇندىن باشقا، باللىرىنىڭ بىرەرسىنى يامان كورۈپ قالغانلىقىدىن ياكى ئۇنىڭ بەزى تەنتەكلىكلىرىدىن نارازى بولغانلىقىدىن ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئايرىم مۇئامىلىدە بولۇش قەتئىي خاتادۇر. ئاللا تائالانىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھدۇر.

مۇھەممەد يۇسۇپ.
جىددە – ئەرەبستان.

قەدىردان دوست، دىلكەش ئىنسان ئىدى

دۇنيا قارىشى كەڭ، ئىرىنمەي يېڭىلىق ئىزدەيدىغان ۋە ئەينە شۇ ئىزدىنىش نەتىجىسىنى جارىي قىلىپ، ھاياتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئاتا قىلغان مېھرىۋان، قەدىردان دوستىمىز ھازىر ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ 70 ياشلىغىنى ئەل – ئاغىنە، قېرىنداشلىرى تەنتەنىلىك نىشانلىغان بولار ئىدۇق. ئەپسۇس، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن بىۋاقت ئېلىپ كەتتى.

شاۋكەت سادىقوۋ ئوزىنىڭ ئاڭلىق ھاياتىنى ئىلىم – ئىرپان قوينىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن ئوتكۈزدى. ئۇ ئاتىدىن كىچىك قالغان بولسىمۇ ئانىسى تۇرانخانىمدەك سەنئەتچى، شائىرە، ئوز ۋاقتىدا مەرىپەتنىڭ دەسلەپكى قالغاچلىرىدىن بولۇپ تونۇلغان ئىقتىدارلىق ئۇستاز ئانىنىڭ يېتۈك تەربىيەسىنى ئالغان ھەم ئۇنى ھاياتىدا ئاقلىغان پەرزەنت ئىدى.

شاۋكەت غۇلجا شەھرىدىكى ئەخمەتجان قاسىمىي نامىدىكى بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى 1952 – ژىلى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى ۋە شۇ فاكۇلتېتنىڭ ئوزىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. چوڭ ئارزۇ – ئۇمۇتلەر ئىچىدە تىرىشىپ ئىشلەپ ئۆلگىلىك – مەدەنىيەتلىك شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. بۇ ساھادىمۇ شاۋكەتنىڭ ئوچمەس ئىزى قالدى.

1960 – ژىلى ئائىلىسى بىلەن سابىق كېڭەش ئېلىگە كوچۇپ چىققان شاۋكەت ئالمۇتا شەھرىگە ئورۇنلاشتى ۋە ئاز ئوتمەي شەھەردىكى «بىتوۋايا – خىمىيە» زاۋۇدىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. زاۋۇدتا ئىش باشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئېشىپ ئوتىدىغان چوڭ بىر داۋان بار ئىدى. بۇ دېگىنىمىز رۇس تىلى ئوگۇنۇش مەسىلىسى ئىدى. دېمەك، ھەم زاۋۇدنىڭ ئىشىنى قىلىش، ھەم رۇس تىلىنى ئوگۇنۇش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى رۇس تىلىنى بىلمەگەن ئادەمگە ئىنتايىن زور كۈچ، ئىنتايىن تىرىشچانلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

شاۋكەت بۇ جەھەتتە ئوزىنىڭ ئىختىدارىنى چوڭ سىناقتىن ئوتكۈزدى،تىرىشىپ تىرمىشىپ ژۈرۈپ، باشقىلاردىن تارتىنماي سوراپ، بىلىپ ئەيتەۋۇر مەخسەتنى تولۇق چۈشەندۈرگىدەك دەرىجىگە يەتتى.

شۇنداق قىلىپ، شاۋكەت ئىزدىنىش، ئىجات قىلىش يولىدا توسالغۇ بولىدىغان توسقۇنلارنى بوسۇپ ئوتۈپ ئوزۇن ژىللىق ئەمگىكى ناھايىتى مۇۋاپىق باھالاندى. ئۇ، ئوز ئىشىدا كورسەتكەن چوڭ تىرىشچانلىغى ئۈچۈن زاۋۇد لابورانتلىغىدىن يېتەكچى ماستېرلىغىغا قەدەر كوتۈرىلدى. 1965 – ژىلى بولسا، تېخنىكىلىق ئىشلەپ چىقىرىش بولۇمىنىڭ باشلىقلىغىغا، 1967 – ژىلى ماركسىزم – لېنىنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2 ژىللىق ئالىي ئىختىسات مەكتىۋىگە چۈشۈپ، ئۇنى 1969 – ژىلى ياخشى دەرىجىدە تاماملىغاندىن كېيىن 1970 – ژىلى زاۋۇدنىڭ باش ئىنژېنېرلىغىغا بەلگۈلەندى.

زاۋۇدنىڭ 20 ژىللىغىنى خاتىرىلىگەن داغ – دۇغىلىق ژىغىندا زاۋۇدنىڭ پۈتۈن ئىشچى – خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن شاۋكەتنىڭ نامىغا يېزىلغان خەتتە: زاۋۇدنىڭ لابورانتلىغىدىن باش ئىنژېنېرلىققا كوتۈرۈلگەن ژىللار ئىچىدە ناھايىتى زور كۈچ، ئەقىل – پاراسەت سەرىپ قىلدىڭىز، زاۋۇدنىڭ كەڭىيىپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەر جەھەتتىن سىزنىڭ ھەسسىڭىز ناھايىتى زور بولدى. سىزنى سەممىي تەبرىكلەيمىز. سىزنىڭ ئىشتىراكىڭىز ۋە مەسلىھىتىڭىز بىلەن ئىشلەنگەن سۈنئىي ژىپ ئۇش، تازىلاش



مەھسۇلاتلىرى، پىلاستىلىن، زامانىۋى ئالىيۇمىن ترۇبىلار باشقىمۇ ئۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلار ياخشى باھالارغا ئېگە بولدى، جاۋاپكەرلىكى چوڭ بىر ۋەزىپىنى ئوز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، چوڭ كوللېكتىۋقا رەھبەرلىك قىلالىدىڭىز. سىزگە پۈتمەس – تۈگىمەس ھورمىتىمىزنى ئىزھار قىلىمىز»، دېيىلگەن ئىدى.

شاۋكەتنىڭ زاۋۇدتىكى ئۇزۇن ژىللىق ئەمگىكى ئىنتايىن مۇۋاپىق باھالاندى. تەقدىرنامىلار، مادىي، مەنىۋىي مۇكاپاتلار ۋە مېدالار بىلەن تەقدىرلىنىپ تۇردى.

1982 – مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن ئا پ ز پ كارخانىسىغا يوتكەلدى. بۇ قايتا ئىشلەش ساھاسىدا ھەم تىرىشچانلىق كورسىتىپ تالانتلىق ئىش باشقۇرغۇچى، رەھبىرى خادىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىشتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئالدىنقى ئورۇننى ئېگىلەپ، مۇكاپاتلانغان ئىدى.

1987 – ژىلى ئۇمۇمىي يۈزلۈك كوئوپېراتىۋلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە قىزغىن قاتنىشىپ، دەسلەپكىلەردىن بولۇپ قاپچىغاي شەھرىدە كولباسا، ماكارون، نان ۋە باشقىمۇ مەئىشەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان سېخلارنى قۇرۇپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1992 – ژىلى «قازاقستان تەمىنلەش بىرلەشمىسىنىڭ» ئىختىسادىي ئىشلەپ چىقىرىش بولۇمىدە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ ژىلى سېنتەبىردىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھرىدىكى «كارمونىيا» كامپانىيەسىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن كوماندىروۋكىغا بېرىپ بىرلىشىپ ئىشلەش كېلىشىمىنى تۈزۈپ قايتتى. شۇ ژىلى نويابىردىن باشلاپ قازاقستان – خىتاي ھەمكارلىشىپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ باش مۇدىرلىغىغا شاۋكەت سادىقوۋ تەيىنلەندى.

1993 – ژىلى ژىلىغا بەش مىللىون دانە لوڭگە ئىشلەپ چىقىرىش كۈچىگە ئېگە فابرىكا قۇرۇلدى. شۇنداقلا ژىلىغا 6 مىللىوندىن 12 مىللىونغىچە بۇتىلكا ئىشلەپ چىقىرالايدىغان «ئەينەك قاچا» زاۋۇدى قۇرۇلدى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىمۇ ئۇنۇملۇك بولدى.

ئوز ئىشىدا پىشقان، سەرەمجان، كويۇمچان، كىچىك پېيىل دوستىمىز ئەمگەك بىلەن ئوتكەن ئاڭلىق ھاياتىنى ئىزدىنىش – ئىجات قىلىش يولىغا سەرىپ قىلدى. بۇ ژىل ئاپرېلدا ئوتكۈزىلىدىغان 70 ژىللىق مەرىكە كۈنىگە يەتمەي ھاياتتىن كوز ژۇمدى.

ئائىلىسى، بالا – چاقىلىرى، ئۇرۇق – تۇققانلىرى، ساۋاقداش، مەشرەپداش دوستلىرى ئۇنى ئەستىن چىقارمايدۇ.

ئابدۇخالىق سەپىرىي.

تارىخىي شەخسلەر

مەرىپەت يولىدىكى مەشئەل

رەھبەرسىز قالغان مىللەت ـ ئۇ كېلەچىكى يوق، يىلتىزسىز دەرەققە ئوخشايدۇ. مىللەتنىڭ ئاداللىقى، قاششاق ھالدا قېلىپ، بىكىلىكى، ئىلغارلىقلارنى تو-بۇل قىلىش ئىختىدارىنىڭ بولماسلىقى، بېكىنمىچىلىك، يەنى ئۆز دائىرىسىدىن چىقماي ياشاپ، باشقا ئىلغار تەرەققىي ئەتكەن مىللەتلەرنىڭ ھەر ساھادا ئەجايىپ يۈكسەك مۇللەرگە يەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر قېلىشى، قوسىقىنى تويغۇزۇش غېمىدىلا بولۇپ قېلىشى ـ بۇ-نىڭ سىرتقى تارتىق پاجىئە بولۇپ سا كېرەك. ئەينە شۇ-نىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقىمىزنىڭ كۆزى ئوچۇق، توكتۇر بې-كىرلىك مىللەتپەرۋەر ئوغلانلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بې-شىدىلا ئۇيغۇرلارنى چىرماپ تۇرغان ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، تەپرىقچىلىق ئوخشاش ئىللەت-لەرنى پەقەت مائارىپنى تەرەققىي ئەتكۈزۈپ يوقات-قىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ژىللىرى ئۇيغۇرىستاندا خەل-قىمىزنى مەرىپەت يولىغا باشلاشنى ئەڭ ئاۋۋالقى قە-لەم، ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل كۈچ ـ غەيرىتىنى، بىلىمى-نى سەرىپ قىلىپ، يولچى يۇلتۇز رولىنى ئورۇنلىغان-لار، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇمۇمىي تۈپ مەنپىيەت-نى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ ئاڭ ـ سەزىمىنى، تەپەككۇ-رىنى ساغلام تەرەققىي ئەتكۈزىدىغان داغدام يولغا باشلايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىر ئالىم: «مىللەت تەپەككۇرىنىڭ يىلتىزىنى مىللەتنىڭ جەۋ-ھىرى بولغان زىيالىيلاردىن ئىزدەش كېرەك». ـ دې-گەن ئىكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ژىللىرىدا مىللەت-نى ئەينە شۇ ساۋاتسىزلىق، نادانلىق ئۇيقۇسىدىن ئۇ-يغىتىش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغانلارنىڭ بىرى-مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) بولىدۇ. مەمتىلى ئەپەن-دى ئەينە شۇ 36 ژىللىق قىسقا ھاياتىنى جاھالەت بىلەن كۆرەشىپ، يېڭىلىققا يول ئېچىپ، كونىچە قا-لاق مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، دەۋر تەلىۋىگە ماس يېڭىچە پەننىي مائارىپنى تەرغىپ قىلىپ، مىللەت-ىمىزنىڭ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرىپ قىلدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ ژىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ بۇيامەت كەنتىدىكى بىر مەشھۇر تېۋىپ ـ توختىھا-جىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەمتىلى ساۋاتى-نى چىقارغان مەكتەپنى شۇ دەۋردىكى خىتاي مۇس-تەبىت ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىر ژىلدىن كېيىن يېپىپ، بالىلار ئوقۇشىنى مەجبۇرىي توختاتقۇزغان. ئاندىن ئۇ دىنىي مەكتەپتە بىر ئاز تەھسىل كۆرۈپ، كېيىن ئاكىسى ئىززاسىدىن بىلەن قوناجەم دېگەن كى-شى ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ مەك-تەپتە مەمتىلى تۈركىيەلىك مەشھۇر مائارىپچى ئەھمەد كامالدىن دەرس ئالىدۇ. كېيىن بۇ مەكتەپمۇ جاھالەت-پەرەسلەرنىڭ ئەرزە ـ شىكايەتلىرى تۈپەيلى يېپىل-ىدۇ. ئوقۇشسىز قالغان مەمتىلى ئۆزلىكىدىن ئوقۇپ ۋە دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىدۇ.

كىچىكىدىن ناھايىتى سىنچى ۋە زېرەك ئۆسكەن مەمتىلى پەيدىن ـ پەي ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت مۇھىتىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار دىيارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يات زېكىش ھاكىمىيىتىنىڭ مۇدھىش، رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ساۋادىنى ئېچىش كېرەك. شۇن-داق قىلغاندىلا قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن دې-گەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇ مەخسەتتە ئۇ ئۆز يۇرتىدى-كى بالىلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئۇلارغا ئۆزى مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشىلارنى، خەلق قوشاقلىرىنى ناھاگىغا سېلىپ ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ با-لىلارنىڭ ساۋادىنى ئېچىشقا باشلايدۇ. سۆزگە چېۋەر، كىچىكىدىن تارتىپ ناخشا ـ ساز ئۆگىنىش، ھېكايە ئاڭلاش، شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان مەمتىلى بې-لىدىغانلىرىنى ئىپادىلەش ئىختىدارىنىڭ ژۇقۇرىلى-قى، تەشكىلچانلىقى بىلەن بالىلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپ-لاپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، كىشىلەر ئۇنى بۇ-نىڭ ئۈچۈن «بالا ئەپەندى» دەپ ئاتىرىلىكەن. لې-كىن نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بەزى جاھالەتپەرەسلەر مەمتىلىنىڭ بالىلارنى قاتار تىزلىدۇرۇپ، ناخشا ئۆگىتىپ، توپ ئوينىتىپ، ساۋادىنى ئېچىپ قىلىۋاتقان بۇ مەرىپەتپەرۋەرلىك پا-ئالىيەتلىرىدىن چوچۇپ: «توختاجىنىڭ بالىسى مەم-تىلى بالىلىرىمىزنى ئىمانسىز قىلىۋېتىدىغان بولدى»، ـ دەپ ۋايساپ، نارازى بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي ئاتۇش بېگىگە، يۇرت چوڭلىرىغا، شاڭ يۇلارغا پارە بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. مەمتىلىنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سېلىپ پائالىيىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇناسىپ بېسىمدىن ئوغلى مەمتىلىنىڭ بارغانسېرى خەتەر ئاستىدا قېلى-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان توختاجى 1920 ـ ژىلى ئۇنى ئىلى، بورتال ۋە چوچەككە ئېلىپ كېتىشكە مەج-بۇر بولىدۇ. بۇ يەرلەردە مەمتىلى داسىغا ياردەملى-شىپ تېۋىپچىلىك ۋە باشقا ھەر خىل پائالىيەتلەر بى-لەن شۇغۇللىنىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى چوچەكتىمۇ ئۆ-زىنىڭ تونۇلغۇ پىكىرلىكى، زېرەكلىكى، ئاتىشى ـ ئۇس-سۇلغا ماھىرلىقى ۋە تەشكىلچىلىكى ئوخشاش خىس-لەتلىرى بىلەن ياشلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قال-دۇرىدۇ ۋە ئابروي تاپقانلىقتىن تېز تونۇلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چوچەكتىكى ساتىراشچىلىق دۇكىنى ئىل-غار پىكىرلىك ياشلار ۋە ئىلغار سۆھبەتلەردىن مەر-كىزگە ئايلانغان ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى چوچەكتە مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇراد ئەپەندى بىلەن تونۇشىدۇ. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى-نىڭ زەربىسىدە دەرچار بولۇپ قازاندىن قېچىپ كەل-گەن مۇراد ئەپەندى چوچەكتە مەرىپەتچىلىك پائال-



يەت ئېلىپ بېرىپ، ياشلارغا بىلىم بېرىش ئىشىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە تاتار جەدىتى-زىمىنىڭ ئىدىيەسىنى يېقىندىن تونۇشتۇرغان.

1924 ـ ژىلى قەشقەردە مەشھۇر مەرىپەتچى ئالىم ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مەمتىلى ئەپەندى خەلقىمىزنىڭ بۇ ئەجايىپ پەرزەندىگە قەست قىلغان مۇتەئەسسىپ، مۇدھىش قارا كۈچلەرگە ئۆزىنىڭ غە-زەپ نەپرىتىنى ئىزھار قىلىپ:

ئويغۇدى ـ ئارتتى بىزلەردىن ئەللەر، ئەي يارەنلەر،
كۆرگەچ ئەللەرنىڭ ئىجتىھادىنى، قاينايدۇ قانلار.
ئاچ كۆزۈڭنى ئۇيقۇدىن غەپلەت ئىچىدە ئۇخلىغان جانلار،
ياشاسۇنلەر، شاتلانسۇنلەر جۈملە ئىنسانلەر!
ھاۋادا قوشياكلىغ جاۋلان قىلۇرلەر بارچە مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن يۈز مىڭ گەز تۆۋەن،
ئويلا ئۈممەتلەر.
ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقان بىزنىڭ زالىملەر،
ئويلا زاكات ئىسقات كىملەر ھەققى، كىم ئالۇرلەر!
قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئاستىدا كۈلدە ياتۇرلەر،
تەربىيەسىز نە ئىشلەسۇن، ئوشۇق ئويناپ،
نىشە تاتۇرلەر.
مەرھۇمى داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر،
گۇناسى نېمە؟ پەقەت بىزلەرگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر!

ـ دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى. (ئەدىپنىڭ «ئويقىدى ـ ئاشتى» دېگەن غەزىلىدىن.) ئۇ بۇ غەزىلىنى ساتىراش-چىلىق دۇكىنىنىڭ ئىشىغا چاپلاپ قويغان، ئاھاڭغا سېلىپ ھەر خىل سورۇنلاردا تەمبىر بىلەن ناخشا ئېي-تىپ بۇ سۇيقەستكە ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى داۋاملىق بىلدۈرۈپ تۇرغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چوچەكتىكى ئىلغار پىكىر-لىك، خەلقنى زالىملارغا قارشى كۆرەشكە دەۋەت قى-لىدىغان، نادانلىققا، ساۋاتسىزلىققا قارشى ئىلغار پائا-لىيىتىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى نا-زارەت قىلىپ، بىرەر باھانە ـ سەۋەپ بىلەن بۇ ئىل-غار پىكىرلىك زىيالىنى قولغا ئېلىشنى مەخسەت قىلى-دۇ. ئۇز بېشىدا قارا بۇلۇتلارنىڭ ئايلىنىپ ژۈرگەنلى-كىنى سەزگەن مەمتىلى ئەپەندى ئۇستازى مۇراد ئە-پەندىنىڭ ياردەم قىلىشى ۋە تەۋسىيەسى بىلەن 1926 ـ ژىلى كېگەش ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شەمەيگە بېرىپ، ئاندىن تاشكەنتكە كېلىپ ئورۇن-لىشىدۇ، بۇ يەردە ئۇيغۇرستاندىن چىققان ئۇيغۇر ئىش-لەمچى ـ مەدىكارلار، سودىگەرلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن دەسلەپ ئاشخانى-لاردا ئىشلەيدۇ، ئاندىن ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن بىر بۇرادىرىنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن ئوقۇ-غان. بۇ ۋاقىتتا س س س ر دا ئۇمۇميۈزلۈك زورلۇق بىلەن كوللېكتىۋلاشتۇرۇش ھەرى-كىتى جارىي قىلىنىپ، مىللىنىلغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ۋەيران بولۇپ، ئىختىسادىي بوھرانچىلىق، كولخوز قۇرۇلۇشىغا قارشى چىقتى دەپ مىللىنىلغان ئادەملەرنى تەقىپلەش، پالاش، جازالاش ھەرىكىتى ئۇ-ۋج ئالغان ئىدى. ئەينە شۇنداق شارائىتتا ھەم مەنى-ۋىي، ھەم ئىختىسادىي جەھەتتىن قاتتىق قىسىلغان مەمتىلى ئەپەندى 1929 ـ ژىلى تۈركىيەگە چىقىپ كېتىش مەخسىتىدە قىرىم يېرىم ئارىلىغا كەلگەن. سې-ۋاستوپول پورتىدا ھەر خىل ئىشلار بىلەن تىرىكچى-لىك قىلىپ، تۈركىيەگە كېتىش يوللىرىنى ئىزدى-گەن ۋە بىر پاروخود ئىشچىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ-نىڭ ياردىمى بىلەن مەخپىي ھالدا ئىستانبۇلغا بار-غان،بۇ يەردە ئۇ دەسلەپ ھەر خىل قارا ئىشلارنى قى-لىپ جان باققان. بارا ـ بارا تونۇش، بىلىشلىرى كۆپى-يىپ، يۇرتداشلىرىنى تاپقان، ئاندىن ئۇ يۇرتداشلار-نىڭ ياردىمى بىلەن بىر كوللېدژغا ئىشچى بولۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ بىلىم دەرگاھىدا ئاددىي ئىش-چى بولۇپ ئىشلەپ ژۈرۈپ، دېرىزە تۈۋىدە، ئىشىك ئالدىدا ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيەلىرىنى تىڭ-شىغان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئوقۇش دەرگاھىدا تىرى-شىپ ئىشلەپ ھەم بوش ۋاقىتلىرىدا لېكسىيە تىڭ-شاپ، بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈ-چۈن رەسمىي تۈردە مەزكۇر كوللېدژدا ئوقۇشقا قەتى-ئىي بەل باغلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئوقۇشقا بولغان ئەجا-يىپ ئىنتىلىش روھىدىن تەسىرلەنگەن كوللېدژ مۇ-دىرى مەمتىلى ئەپەندىنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ كوللېدژدا ئۈچ ژىللىق ئوقۇشنى ئەلا باھالار بىلەن پۈتتۈرۈپ ئىستانبۇلدا بىر مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ مەتبۇئاتتىن شۇنداقلا سودا ئىشلىرى ۋە ھەج سەپىرى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن يۇرتداشلىرىدىن ئانا ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىئەلەر، غوجانىياز ھاجىم يولباشچىلىقىدىكى مىللىي ـ ئازات-لىق قوزغىلاڭ پارتلىغانلىقى توغرىلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئىنقىلاۋىي ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان ئۆزىنىڭ جەت ئەلدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەندە بولۇشى كېرەكلى-كىنى ھېس قىلىپ، 1933 ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ مەنپىيەتلىرى قايچىلاش-قان قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. 1934 ـ ژىلى بۇ يەردىكى ۋەزىيەت سەل تىنچىغاندىن كېيىن مەمتى-لى ئەپەندى مەرىپەتچىلىك پائالىيىتىنى باشلاشقا پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملەپ، يۇرتى ئاتۇشقا بې-رىپ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇ-رىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالىيجاناپ مەخسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردىكى تەرەققىيپەرۋەر بايلار-نى، يۇرتتىكى موتىۋەر، ئىلغار زاتلارنى سەپەرۋەرلىك-كە كەلتۈرۈپ، يېرىم ژىل ئىچىدە ئاتۇشنىڭ 24 كەن-تىدە 24 مەكتەپ قۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ. ئۇ ئال-دى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئىكېزىق كەنتىدە مۇئەللىملەر-نى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى تەشكىللەيدۇ. مەزكۇر كۇ-رسقا بىلىم ئاساسىغا ئىگە، ئىلغارلىققا، بىلىم ئېلىشقا تەلپۈنىدىغان 60 نەپەر قابىلىيەتلىك ياشنى جەلىپ قىلىدۇ. ئۆزى ئۇلارغا بارلىق پەنلەردىن دېگىدەك دەرس ئۆتىدۇ. تاشكەنت، ئانقارادا ئالغان بىلىمى مەمتىلى ئەپەندىگە بۇ مۇئەللىملەرنى تەييارلاش كۇر-سىدا بەك ئەسقاتقان ئىدى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە).

ئارمىنىغا يەتكەن ئۇستاز

يېقىندا بىر بۇرادىرىم تاراز شەھىرىدە ياشايدى-غان تەجرىبىلىك پېداگوگ شاھادەت ئەسقەروۋا توغرىلىق ناھايىتى ئىللىق پاراڭلارنى قىلىپ، ئۇنى گېزىتخانىلارغا تونۇشتۇرسىڭىز ياخشى بولاتتى، شا-ھادەت جامبۇل ۋىلايىتى بويىچە ئۇتكۇزۈلگەن پې-داگوگلارنىڭ بىر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ژىغىنىدا ئۆزىنىڭ نېمىس تىلىدىن دەرس بېرىش تەجرىبى-سى ھەققىدە قىلغان نۇتقى ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەر-گەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن شاھادەت بىلەن تونۇ-شۇش ئۈچۈن ئۆيىگە باردىم. شاھادەت ئەسقەروۋا 1949 ـ ژىلى ئالمۇتا ۋىلايىتى چېلەك ناھىيەسى-نىڭ تاماكا سوۋخوزىدا تۇغۇلغان ئىكەن.

شاھادەت چېلەكتىكى كرۇپسكايا نامىدىكى ئوت-تۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆزى كىچىكىدىن ئارزۇ قىلغان چەت تىللار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا چۈشۈش-نى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1967 ـ ژىلى ئالمۇتا چەت تىللار ئىنستىتۇتىنىڭ نېمىس تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. شاھادەتنىڭ ئىنستى-تۇتقا چۈشكىنىنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خۇ-شاللىقى چەكسىز بولغان ئىدى.

ئۇ 1972 ـ ژىلى ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تا-ماملاپ ئۆزى ئوقىغان بىلىم دەرگاھىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شاھادەت ئەسقەروۋا ئىنستىتۇت-تا ئىشلەش جەريانىدا ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەم-مەللەشتۈرۈپ، مول تەجرىبە توپلىدى.

بەزى سەۋەپلەرگە باغلىق شاھادەت ئائىلىسى بى-لەن 1996 ـ ژىلى تاراز شەھىرىگە كۆچۈپ كېلى-دۇ. بۇ يەردە ئۇ تولىبى نامىدىكى 8 ـ قازاق گىم-نازىيەسىدە نېمىس تىلى مۇئەللىمى بولۇپ ئىش-لىمەكتە.

مەن گىمنازىيە مۇدىرى سارا ئىنقان قىزىدىن شاھادەت توغرىلىق سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغىنىمدا ئۇ قانداقتۇ بىر پەخىرلىنىش بىلەن: شا-ھادەت ئەسقەروۋا بىزنىڭ گىمنازىيەدىكى ئەڭ ئال-دىنقى قاتاردىكى پېداگوگلارنىڭ بىرى. ئۇ كەسپى-نى سويىدىغان، ۋۇقۇرى مەلىكىلىك ئۇستازلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە كوللېكتىۋ ئارىسىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە، ـ دەپ شاھادەتنىڭ كۆپلىگەن ياخشى خۇ-سۇسىيەتلىرى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.

ھە، پېشقەدەم پېداگوگ شاھادەت ئەسقەروۋا 35 ژىللىق مۇئەللىملىك ھاياتىدا پارلاق يولنى بېسىپ ئۆتتى،تالاي بالىلارنى ھايات يولىغا ئۇچۇم قىلدى.

ئەخمەتجان رەھمۇۋ.
تاراز شەھىرى.

قەھرىماننىڭ خاتىرىسى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ـ ئازاتلىق ئىنقىلاۋى-نىڭ 1944 ـ ژىلى كۈز ئايلىرىدا نىلقىدا باشلانغان-لىقى ھەممىمىزگە ياخشى مەلۇم. نىلقا شەھىرىنى خى-تاي باسقۇنچىلىرىدىن ئازات قىلىشقا خەمىت مۇس-لىموۋ سالماقلىق ھەسسە قوشقان پارتىزانلار رەھبەر-لىرىنىڭ بىرىدۇر. خەمىت مۇسلىموۋ رەھبەرلىكىدى-كى پارتىزانلار توپى نىلقا تۈرمىسىدە ئازاپ چېكى-ۋاتقان200 دىن ئوشۇق مەھبۇسنى ئازات قىلىدۇ. گومىنداڭچىلار بىلەن بولغان مۇشۇ جەڭدە پارتىزان-لار 270 دانە مىلتىق، ئىككى قول پۇلېمىيوتى ئول-جا ئالىدۇ. غېنى، پاتىخ، خەمىت كەبى ئوت ژۈرەك ئوغلانلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار 1944 ـ ژىلى7 ـ نويابىر كۈنى نىلقىنى تولۇق ئازات قىلىدۇ. ئەينە شۇ نىلقا شەھىرى ئۈچۈن بولغان شىددەتلىك جەڭلەردە خەمىت مۇسلىموۋ قۇربان بولىدۇ. ئۇ ئۇلاستاي تاغ ئېتىكىگە دەپنە قىلىنغان ئىدى. خە-مىتنىڭ مۇشۇ جەڭدىكى جاسارىتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا خەلق قەھرىمانى دې-گەن نام بېرىپ ئالتۇن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلى-غان ئىدى.

ئوتكەن ژىلى يازدا ئالمۇتىدىن ش ئۇ ئارغا زىيا-رەتكە بارغان زۇبەير ئاللايارى،مۇناسىۋەتلىك ئورۇن-لارنىڭ رۇخستى بىلەن خەمىت مۇسلىموۋنىڭ جەسىتىنى ئۇلاستاي تاغ باغرىدىن يۆتكەپ غۇلجا شەھەر تاتارلار قەبرىستانلىقىغا يەرلىگەن.

قەھرىماننىڭ جەسىدىنى يۆتكەپ يەرلەش مەرا-سىمىغا مەرھۇمنىڭ ئىنىلىرى مەھمۇت،ۋاھىت،لەبىب، قىزى سافىيالار ئىشتىراك قىلدى، قەھرىمان قەبرىسى-گە خاتىرە تاش ئورنۇتۇلۇپ، نەزىر بېرىلدى.

نازىلە يۇسۇپوۋا.

تارىختىن ئۇچۇر

ياقۇپبەگ غوجام

مانجۇ خانلىقىنىڭ مۇتەھەملىكى، ھەددىي ھىساپسىز ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ھالدا خورلىشى ئاقىۋىتىدە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىڭتۇڭ دېگەن يېرىدە تۇڭگانلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا قۇراللىق توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. تۇڭگانلار 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. شۇڭا مانجۇ خانلىقى بۇلاردىن خۇۋپسىزلىنىپ، ئەق شۇ ۋاقىتتا شەنشى، گانسۇ، سىچۈەن، گۇيجۇ ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدە پارتلىغان دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان زوزۇڭتاڭنىڭ خۇنەن قوشۇنىنى يوتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا [illegible] زوزۇڭتاڭ خۇنەن قوشۇنىنى [illegible] تۇڭگانلارنى دەھشەتلىك ھالدا قىردى. ئۇلار چاپچىيەن شەھىرىنى قانغا باتۇردى. قورغان ئېلىنغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ـ لارنىڭ بىرسى قالمىدى. [illegible]

بۇ تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن تاۋ ۋەنسۇ (سۇلتان سۇلايمان) [illegible] 1871 ـ يىلى 12 ـ مارت كۈنى [illegible] 1800 ئادەمنى [illegible] 1873 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى [illegible] 400 مىڭ [illegible] 5400 تۇڭگاننى [illegible] 20 مىڭ تۇڭگاننى [illegible] 9 مىڭ ئادەمنى [illegible] 50 مىڭ ئادەمنى قىرغىن قىلدى.

[illegible] 15 ياشتىن [illegible]

[illegible] 1862 ـ يىلى [illegible]

[illegible] 1863 ـ يىلىنىڭ [illegible]

ـنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ قويۇپ يېگىسار، يەكەنلەرگە قاراپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ جايلارنىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە ئابدۇراخمان ھەزرەت دېگەن بىر قېرى موللىنى [illegible] ـلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ مەككىدىن يېڭىدىن قايتىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجىنى ھاكىمبەگلىككە سايلايدۇ.

1864 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەرىيەنىڭ خوتەن ئۆلكىسىدىن باشقا يەرلىرىنىڭ ھەممىسى راشىدىنخان خوجىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم خانلىق تەختىگە ئولتارغۇزىدۇ. ھېبىبۇللا ھاجى ئۆزىگە «خوتەن پاشاسى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىدۇ.

دېمەك راشىدىنخان خوجا پۈتۈن قەشقەرىيەنى ئاساسى جەھەتتىن ئىشغال قىلىپ ئىستىقلالىيەت بايرىغىنى تىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق قەشقەرىيە ھاكىمىيىتىدە ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بولۇشنى خالىشاتتى. شۇڭا ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدە جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتتە تۇراتتى. بۇ كىشىنىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالى جاناپلىقى ۋە مېھرىۋانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا داڭ چىقارغان ئىدى. ئاما ئۇ قابىلىيەتسىز ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەر ھاكىمى سىدىقبەگ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇپ قوقەننىڭ باش ھەربى ۋالىسى ئالىمقۇلدىن بۇزرۇكخاننى قەشقەرىيەگە كېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ سىدىقبەگنىڭ تەلۋى بويىچە بۇزرۇكخان تورىنى 50 نەچچە ئادەمنىڭ ھەمرالىغىدا دەرھال قەشقەرىيەگە يولغا سالىدۇ. تورەم بىلەن بىللە يولغا چىققانلارنىڭ ئارىسىدا كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان قەشقەرىيە ئۇيغۇر دولىتىنىڭ قوماندانى ياقۇپبەگمۇ بار ئىدى. بۇلار قەشقەر شەھىرى ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە شەھەر ئاھالىسى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. سىدىقبەگ ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بۇزرۇكخان تورىگە ئوتكۇزۇپ بېرىدۇ. لېكىن سىدىقبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئۇسۇپ كېتىۋاتقانلىغىغا كوڭلى تارلىق قىلىدۇ. پۇرسەت بولسىلا ياقۇپبەگنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىشنى ئويلايدۇ. ئاخىرى بۇنداق پۇرسەتمۇ كېلىدۇ.

ياقۇپبەگ يېڭىسارنى ئالغاندىن كېيىن يەكەنگە ژۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىر تارماق قوشۇنى قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارلىقىدىكى مارالبېشى قورغىنىنى بېسىپ ئالىدۇ. ياقۇپبەگ يەكەننىڭ ئەتراپىدىكى يېزا، كەنتلەرنىمۇ بېسىپ ئالغاندىن كېيىن يەكەن مۇداپىەچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. موشۇ چاغدا ئىچكى قىسمىدا قىپچاقلار ئىسيان كوتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياقۇپبەگكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى [illegible]

ياقۇپبەگ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق [illegible]

ـدىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ. مانا موشۇ ۋاقىتتا بۇزرۇكخان تورە ئۆز قىلمىشلىرىغا توۋۋا قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. ياقۇپبەگ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيەنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ.

ياقۇپبەگ قەشقەرگە كېلىپ يەتتە ئاي ئوتكەن بىر ۋاقىتتا قوقەننىڭ باش ھەربىي ۋالىسى ئالىمقۇل تاشكەنتنىڭ ژۇقۇرىسىدىكى «مىڭ ئورۇك» دېگەن جايدا رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ۋاپات بولىدۇ. ئەندى 1866 ـ ژىلى رۇس قوماندانى چېرنەيېۋ قوقان خانى خۇدايار خاننى مەغلۇپ قىلىپ تاشكەنتنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ، ئاندىن پەرغانىنى بېسىۋالىدۇ. 1867 ـ ژىلى بۇخارا ئەمىرىنى ھەم سەمەرقەنتنى بېسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپلەردىكى نۇرغۇن خەلق قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسلارغا قارشى كۆرەشتە تاۋلانغان نۇرغۇن ئەسكەرلەر، تەجرىبىلىك ئەسكەر باشلىقلار بار ئىدى. شۇنىڭدەك رۇسلارغا قارشى كۆرەشتە 20 ژىلدىن بېرى خىزمەت سىڭدۇرگەن ئاتاغلىق سەركەردە، قازاق خەلقىنىڭ جەسۇر ئوغلانى سۇلتان سادىقمۇ بار ئىدى، يەنە رۇسلار بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلاردا قەھرىمانلىق كورسەتكەن قوربانجان دادخاھنىڭ ئوغلى باتىربېگمۇ ياقۇپبەگ قوشۇنىدا قىرغىز ژىگىتلىرىگە باش ئىدى.

مانا بۇ ۋاقەلەردىن كېيىن ياقۇپبەگ قايتىدىن يېگىسار، يەكەن، خوتەنلەرگە كېلىپ ئۇرۇشۇپ 1866 ـ 1867 ـ ژىللارغىچە بولغان ئارلىقتا بۇ رايونلارنى قولغا كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇزرۇكخاننى ھەجە سەپىرىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. موشۇ دەۋىردە راشىدىنخان خوجا پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە ياقۇپبەگنىڭ بىردىن ـ بىر رەقىبى بولۇپ قالىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ پىلانىدا راشىدىنخان ئىشغالىيىتىدىكى جايلارنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېلىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 1867 ـ ژىلى يازدا ياقۇپبەگ راشىدىنخان خوجىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئاقسۇ،كۇچا، قاراشەھەرلەرگە قاراپ ژۇرۇش قىلىدۇ. ياقۇپبەگ 10 مىڭ ئەسكىرى كۈچى بىلەن 80 مىڭدەك ئەسكىرى كۈچكە ئېگە راشىدىنخان خوجا بىلەن ئاقسۇغا يېقىن بىر جايدا قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ياقۇپبەگ مۇنداق زور قوشۇننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىنتايىن چوڭ چىقىمغا ئېلىپ كېلىدىغانلىغىنى چۈشۈنۈپ، خوتەندىكى ھېبىبۇللا پاشاغا قوللانغاندەك ھىيلە ـ مىكىرنى ئىشلىتىپ «مەن راشىدىن غوجىنىڭ بوۋىسى ھەزرەتخان موللىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلاي دەپ كەلدىم» دەپ راشىدىنخاننى ئالداپ ئۆز چېدىرىغا چايغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىۋېلىپ، ئولتۇرۇپ تاشلايدۇ ھەم كۇچانى ئىشغال قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ داۋاملىق شەرىققە ژۇرۇش قىلىپ كورلا، قاراشەھەرلەرنى بېسىپ ئالىدۇ. 1870 ـ ژىلى بىرىنچى نويابىردا بىر نەچچە ئايلىق مۇھاسىرىدىن كېيىن تۇرپانىنى ئىشغال قىلىدۇ. قارشى تەرەپ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ماجۇڭ شەھەر دارۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولىدۇ. موشۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ سۇلتانى تودىلىنىڭ (داۋۇت خەلپە) ياقۇپبەگنىڭ ئەسكىرى كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي نويابىرنىڭ ئاخىرىدا تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار ۋە تيانشاننىڭ شىمالىدىكى قىسمەن جايلار تامامەن ياقۇپبەگنىڭ بايرىغى ئاستىغا كىرىدۇ. تارىختا ئۇنىڭ قۇرغان ھاكىمىيىتى «يەتتە شەھەر» دەپ ئاتالدى.

مانا موشۇ غەلبىدىن كېيىن پەرغانە خانلىغى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى ئۈزۈپ بۇخارا خانلىغى ئاتا قىلغان «ئاتىلىق غازى» ئۇنۋانىنى ئىناۋەتتىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا «بەدۆلەت» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ قەشقەرىيەنى بويسۇندۇرۇش ئىشىم ئاياقلاشتى دەپ ھېساپلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇغا كەلگەندە ھېكىمخان تورىنى (كاتتا تورىنىڭ ئوغلى) ئاقسۇنىڭ ھاكىملىغىغا تايىنلايدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاما ياقۇپبەگ قەشقەردىكى ئوردىسىدا ئانچە ئۇزاق خاتىرجەم تۇرالمايدۇ. سەۋۋى تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ماناستىكى تۇڭگانلار ياقۇپبەگ بىلەن بولغان كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇلار ئالدى بىلەن قاراشەھەر، كورلىدا توپىلاڭ كوتۇرىدۇ. ئاندىن كۇچادا توپىلاڭ كوتۇرىدۇ. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى بۇ توپىلاڭغا كۇچ ئېلىشالمەي چېكىنىدۇ، دەل موشۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ قەشقەردىن بۇ جايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇتۇنجى قېتىملىق رەسمىي جەڭ ئاقسۇدىن كۇچاغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى «قوشتام» كەنتىگە يېقىن يەردە باشلىنىدۇ.بۇ جەڭدە تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ قاچىدۇ. ئاندىن تۇڭگانلار بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش كورلا بىلەن قاراشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى دەنزەل دېگەن

جايدا باشلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە تۇڭگانلار تامامەن مەغلۇپ بولۇپ بىت ـ چىت بولىدۇ. ياقۇپبەگ كورلىغا كەلگەندىن كېيىن تۇڭگانلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرپان، ئۈرۈمچىنى بېسىۋېلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ كورلىدىن چىقىپ ھېچ قانداق ئۇرۇش قىلمايلا تۇرپاننى بېسىپ ئالىدۇ. ئاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. تۇڭگانلار ئۈرۈمچىگە 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا 20 مىڭ ئەسكىرى كۈچىنى سەپكە تىزىپ قويغانلىغىنى كورىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا تۇڭگانلار ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. ئۇرۇش جىددىي بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر ـ بىرىگە ئارلىشىپ كېتىدۇ. زاپاس ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشنى بايقاپ تۇرغان ياقۇپبەگ ئوڭ قاناتقا ياردەم ئۈچۈن ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىدۇ. بۇ ياردەم دەل ۋاقتىدا بولغانلىقتىن ياقۇپبەگ قوشۇنى غەلبە قىلىدۇ. تۇڭگانلار قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئۈرۈمچى شەھرىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىغىنى، قان تۆكۈشنى تېخىمۇ خالىمايدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك تۇڭگانلار ئۆز سەلتەنىتىنى ھورمەت قىلسىلا تۇڭگانلارغا تەگمەيدىغانلىغىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن تۇڭگانلارنىڭ ۋەكىللىرى كوپ سوغا ـ سالام بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ ھەم ئۈرۈمچى خەلقى نامىدىن ياقۇپبەگكە تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ دەررۇ ئۈرۈمچىگە كىرىدۇ. مانا بۇ 1869 ـ ژىلى بىلەن 1870 ـ ژىلىنىڭ ئارلىغىدىكى ۋاقە ئىدى.

ياقۇپبەگ قەشقەرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاقسۇغا كېلىدۇ ۋە شەھەرنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگۈلەيدۇ. ياقۇپبەگ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بەش ژىلىنى قەشقەرىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى رەتلەش بىلەن بولدى. ئۇ قەشقەرىيەنىڭ يەتتىسۇ ئۆلكىسى بىلەن قوقان ئارىسىدىكى چېگرانى مۇستەھكەملەشتەك چوڭ ئىشنى ھەل قىلدى. نارىن دەرياسىنى يەتتىسۇ بىلەن قەشقەرىيەنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي چېگرا دەپ ھېساپلاتتى، لېكىن رۇسلار بېسىپ ئېلىپ نارىن قورغىنىنى ياساتتى. بۇنىڭغا ياقۇپبەگنىڭ بەك ئاچچىغى كەلدى. شۇڭا ياقۇپبەگ روسسىيەنىڭ نارىن دەرياسىنى ئېگەللىۋالغانلىغىغا نارازىلىق بىلدۈردى ھەم ياقۇپبەگ نارىن قورغىنى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ ئارلىغىدىكى تورغات، تىرەك داۋان ئېغىزىدا ناھايىتى چوڭ قورغان ـ چاقماق قورغىنىنى ياساتقۇزدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ياقۇپبەگ قوقان خانلىغىغا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسلىسىنى تەكشۇرۇپ بېكىتىش مەسلىسىنىمۇ قويغان ئىدى. ياقۇپبەگ تاغلىق رايونلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرغۇن قاراۋۇلخانىلارنى ياساتتى. ياقۇپبەگ 1872 ـ ژىلىدىن 1876 ـ ژىلغىچە ئۆز تارىخىدا ئۇزاقتىن بۇيان ھېچ كورۇلمىگەن ئەمىنلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. براقتا زوزۇڭتاڭ خىتاي ھوكۇمىتىدىن يېڭىلگەن تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىغى بەييانخو (داخو) ـنى قوغلاپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ بارلىق كۈچىنى كورلىغا ژىغىدۇ. تۇرپانغا كوپ ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىدۇ ھەم داۋانچىڭ بوغىزىنى ئىستېھكام قىلىپ تۇرۇشقا ئوغلى بەكقۇلبەگنى تايىنلەيدۇ. داخو ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياقۇپبەگدىن باش پانا تىلەيدۇ. ياقۇپبەگ بەييانخونى ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار ياقۇپبەگدىن يۈز ئورۇپ زوزۇڭتاڭ بىلەن ھەمكارلىشىدۇ ھەم تودىلىن (داۋۇت خەلپە) ئۆز قارمىقىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ كاتىباشلىرىنى ئۈرۈمچىگە ژىغىپ چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىگە «ئەل بولۇش مەسلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ»،چىڭ سۇلالىسى داۋۇت خەلپىگە ئۆز مەسلىھەتچىلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار داۋۇت خەلپە يېنىدا تۇرۇپ مەسلىھەت كورسىتىدۇ. مانا موشۇنداق ھەمكارلىق بولغانلىغى ئۈچۈن زوزۇڭتاڭ ھېچ قانداق دەخلىسىزلا ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. چۈنكى تۇڭگانلار ئۇلارغا قارشىلىق كورسەتمەي يول ئېچىپ بېرىدۇ. زوزۇڭتاڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ياقۇپبەگدىن بەييانخونى قايتۇرۇپ بېرىشنى يەنە تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بەييانخونى بەرسە خىتايلار قەشقەرىيەگە ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئىمپىراتور توڭجىنىڭ يول ـ يورۇغى بارلىغىنى بىلدۈرىدۇ. ياقۇپبەگ بەييانخونى بەرمەيدىغانلىغىنى ھەم ئۆزىنىڭ خىتاي ھوكۇمىتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارزۇسى بارلىغىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. براقتا خىتايلار بۇنىڭغا ئۇرۇش بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ. داۋانچىڭغا ھوجۇم قىلىدۇ. تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىدۇ.لېكىن ياقۇپبەگ ئۇرۇشماسلىق ئۈچۈن تۇرپاننى بوشۇتۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ ھەم بەكقۇلبەگ

نىمشكه چېكىندى؟..

...نى ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقىنىڭ سەۋەۋى 1876 - ژىلى فېۋرالدا رۇسلار قوقان خانلىقىنى بېسىۋېلىپ قوقان شەھىرىگە كىرىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قوقان روسسىيەنىڭ بىر ئولكىسىگە ئايلىنىدۇ ھەم قوقاننىڭ نامىنى ئوزگەرتىپ پەرغانە دەپ ئاتايدۇ. موشۇ سەۋەپلىك رۇسلارنىڭ چېگراسى قەشقەرىيە بىلەن بىۋاستە چېگرالىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك چار روسسىيە هوكۈمىتى «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنىڭ» قوقان خانلىغى بىلەن چېگراداش ۋە دىنداشلىغى تۇپەيلىدىن روسسىيەنىڭ قوقانغا قاراتقان سىياستىگە خوۋۇپ يېتىپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ 1871 - ژىلى ئىلى رايونىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئىلىنى بېسىپ ئالىدۇ. شۇنىڭدەك چار روسسىيە ئوزىنىڭ جوغراپىيەلىك جەھەتتىكى يېقىنلىغىدىن پايدىلىنىپ «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنى» بېسىۋېلىش پىلانىدا بولۇپ 1876 - ژىلى قوقان خانلىغىنى بېسىۋېلىش بىلەن «تۇركىستان مەھكىمىسىنى» قۇرۇپ بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم «يەتتە شەھەرنى» بېسىۋېلىپ مۇستەملىكە قىلىۋېلىشنى جىددىي پىلانلايدۇ.

بەيياگخۇنى قوغلاپ كېلىش باھانىسى بىلەن ياقۇپبەگكە قارشى «يەتتە شەھەرگە» بېسىپ كىرگەن زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى ياقۇپبەككە قارشى جىددىي ئۇرۇش باشلاش ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا قوقان تەرەپتىن رۇسلارنىڭ «يەتتە شەھەرگە» بېسىپ كىرىشى ئېھتىمالى بولۇپ تۇرغان ئىدى. مەخسەت ئىككى چوڭ دولەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوقاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن بىر تەرەپ بىلەن، يەنى خىتاي بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىمگە كېلىپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي بىلەن بىرلىكتە رۇس باسقۇنچىلىرىغا زەربە بېرىپ قەشقەرىيە تېررىتورىيەسىگە ئۇلارنى ئاياق باستۇرماستىن «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنىڭ» تېررىتورىيە پۇتۇنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئەگەر رۇسلارنىڭ ھەۋىسى بولمىغاندا ياقۇپبەگ خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشى چوقۇم ئىدى. چۈنكى دەل موشۇ ۋاقىتتا موشۇ جايدا ياقۇپبەگ يېنىدا 30 مىڭ لەشكەر كۇچى ھەم موشۇ لەشكەرلەرگە 30 ژىل يەتكۇدەك ئاشلىقمۇ بار ئىدى.

ئەگەر ياقۇپبەگنىڭ كېلىشىم قىلىش تەكلىۋىگە خىتايلار كۆنمەيدىغان بولسا ژۇرەكلىك ھالدا ئۇرۇش ئاچىدىغانلىغىنىمۇ ئېلان قىلغان ئىدى. زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگنىڭ تەدبىرچانلىقىنى ھەم جەسۇرلىغىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇپبەگدە ھەربىي كۇچ ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە ئەسكەرلىرى ياخشى قوراللانغان ھەم ياقۇپبەگ قوشۇنىدا 20 ژىلدىن بېرى رۇس ئارمىيەسىگە قارشى جەڭلەردە چېنىقىپ، باي ھەربىي تەجرىبە توپلىغان تۇركىستان ژىگىتلىرى، جەڭگىۋار ئوفىتسېرلار، زامانىۋى قورال - ياراقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاكتىكىسىنى ئوستۇن، قوماندانلىقتا ماھىر كىشىلەر ئىدى. ئۇلار زوزۇڭتاڭ قوشۇنى بىلەن بولغان بارلىق جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىدى. زوزۇڭتاڭ مۇنداق باتۇر دۇشمەنگە ھېچ ۋاقىت يولۇقمىغان ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى قېتىملىق سوھبەت قىلىش تەكلىۋىگە ئېلاجىسىزلىقتىن ماقۇل بولغان. ئۇ ياقۇپبەگنى ھەربىي كۇچ بىلەن يېڭىشكە بولمايدىغانلىغىغا كوزى يېتىپ سوھبەت ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ ئولتۇرۇشكە ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يېنىدىكى خوتەننىڭ ھاكىمى نىيازبەگ ۋە غەزنىچى ھوشۇربەگلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ ئاشپىزىنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياقۇپبەككە زەھەر بەرگۇزىدۇ. ياقۇپبەگ بىر سائەتتا قالماي ئولىدۇ. ياقۇپبەگ قەستلەپ ئولتۇرۇلگەندىن كېيىن خىتاي ۋە رۇس دىپلوماتلىرى ھەر خىل يالغان- ياۋداق سوزلەرنى تارقىتىپ ياقۇپبەگ ئوزىنىڭ كاتىبى كامال بىلەن كەپ تالىشىپ قېلىپ ئاچچىغىنى باسالماي ئۇنى ئېتىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن يەنە بىر غەزنىچى بەگ سابىر ئاخۇن بىلەن سوقۇشۇپ تاياق زەربىدىن ھوشىدىن كەتكەن ياقۇپبەگ شۇ كۇنى يېرىم كېچىدە جان ئۇزۇدۇ، دېسە، يەنە بىر مەلۇماتتا ياقۇپبەگنىڭ قاتتىق غەزەپتىن مېيىسىگە قان چۇشكەن، ژۇرىگىنىڭ پىرستۇپى (خورۇجى تۇتۇش) تۇتۇپ ئولگەن دېگەنگە ئوخشاش ئاپىقاچتى كەپ بىلەن خىتاينىڭ قەستلەپ ئولتۇرگەنلىك سىرىنى يوشۇرماقچى بولۇشقان.

ياقۇپبەگنىڭ ئولۇمىدىن كېيىن يەنى 1876 - ژىلىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى توڭجى خان ئولىدۇ. ئورنىغا گودەك ياشتىكى ئوغلى گۇاڭشۇي ئىمپېراتور بولۇپ تەختكە چىقىدۇ. موشۇ قالايمىقانچىلىقلار بېسىلغاندىن كېيىنلا زوزۇڭتاڭ بوش قالغان «يەتتە شەھەر»نى بېسىپ كىرىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى تۇرپاندا قالدۇرۇپ، يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى لىيۇجىنتاڭ ئىسىملىك قوماندان باشچىلىقىدا ئالتە شەھەرگە ئەۋەتتى. لىيۇجىنتاڭ ئوز ژۈرۈشىدە ھېچ توسالغۇسىز 1877 - ژىلى 7 - ئوكتەبىر كۈنى قارا شەھەرنى بېسىۋالدى. 9 - ئوكتەبىر كۈنى كورلىنى، 18 - ئوكتەبىر كۈنى كۇچانى، 21 - ئوكتەبىر كۈنى باينى، 24 - ئوكتەبىر كۈنى ئاقسۇنى، 26 - ئوكتەبىر كۈنى ئۇچتۇرپاننى بېسىپ ئالدى. 18 - دېكابىر كۈنى قەشقەرنى بېسىپ ئالدى. 21 - دېكابىر كۈنى يەكەننى، 24 - دېكابىر كۈنى يېڭىسارنى بېسىپ ئالدى. 1878 - ژىلى 1 - فېۋرالدا خوتەننى بېسىپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن 1876 - ژىلى ئىيۇلدا باشلانغان 1878 - ژىلى يانۋارغىچە بولغان بىر يېرىم ژىل ئىچىدە بارلىق «يەتتە شەھەر»نى بېسىپ ئالدى.

بۇ دولەتنىڭ مۇنداق ئۇڭۇشلۇق ئورۇندۇلۇشىنى ھېچ كىممۇ ئويلىمىغان ئىدى. زوزۇڭتاڭنىڭ ئوزىمۇ مۇنداق ئۇڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان.

خولاسىلاپ ئېيتقاندا 1877 - ژىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي قوشۇنى 14 ژىل ياشىغان قەشقەرىيە (يەتتە شەھەر) دولىتىنى مۇنقەرز قىلدى. موستەبىت خىتاي دائىرىلىرى قەشقەرىيەگە ھېچ قانداق توسالغۇسىز كىرىۋالغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ تەرەپدارلىرىدىن شۇنداق ئۇچ ئالدىكى، مۇنداق شەپقەتسىزلىك دۇنيانىڭ ھېچ قانداق يېرىدىكى تاجاۋۇزچى مۇستەبىت قوشۇنلاردىمۇ كورۇلگەن ئەمەس. قەشقەرنى بېسىپ ئالغان خىتايلار يالغۇز قەشقەر شەھىرىدىلا ياقۇپبەگنىڭ خوتۇن، بالىلىرى، نەۋرىلىرى ھەم ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان ئەمەلدارلاردىن بولۇپ 1106 ئادەمنى دارغا ئېسىپ ئولتەردى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ ھايۋانلىقتا ژۈرىگى چىدىمىغان باغرى تاش تۇركىستان گېنېرال گۇبېرناتورى فون كائۇفمانمۇ خاپا بولۇپ، خىتاي سەركەردىسى زوزۇڭتاڭغا ئەۋەتكەن ئاگاھلاندۇرۇش مەكتۇبىدە شۇنداق دېيىلگەن: «مۇنداق شەپقەتسىزلىك ۋە مەككارلىق بۇيۇك دولەت سەركەردىسى نامىغا مۇناسىپ ئەمەستۇر».

بۇ دەۋىردە ئادەملەرنى ھەددى ھېساپسىز خورلاپ شۇنچىلىك پەسلەشتۇرگەنكى، ھەتتا ئۇيغۇرلار كوچىلاردا بىرەر خىتاي ئەمەلدارىغا دۇچ كېلىپ قالسا ئاتتىن چۇشۇشى شەرت ئىدى. ئەگەر ئامبال شەھەرنى كوزدىن كوچۇرۇشكە چىققاندا پۇخرالار تاكى ئامبال ئوتۇپ كەتكەنگە قەدەر يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشلىرى شەرت ئىدى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قەشقەرنى بېسىپ ئالغاندا زۇلۇمنى ۋەلىخان تورىدىنمۇ بەكرەك ئاشۇرىۋەتتى. ۋەلىخان تورە ئادەم ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىدىن مۇنارا ياسىغان بولسا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئادەملەرنى ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قەپەزگە سېلىپ قەشقەر شەھىرىنىڭ چوڭ - چوڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىغا قاتار - قاتار تىكلەنگەن موما ياغاچلارغا ئېسىۋەتكەن ئىدى. خىتاي زالىملىرىنىڭ بۇ خىل شەپقەتسىزلىكىدىن چۇچىگەن خەلق خىتايلارنىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرىشى بىلەن تەڭ قوقان، ئوش قاتارلىق رايونلارغا قاچىدۇ. بۇ ۋاقىە دەل يانۋار ئېيىدا بولۇپ، 15 مىڭ كىشى ئوش شەھىرىگە كېتىپ بېرىش يولىدىكى تاغ ئىچىدە يالاڭ كېيىملىك بىچارە كەمبەغەل خەلق قاتتىق شۇۋرغانلىق سوغىدا مۇزلاپ ۋە بەزىلىرى قارغا پېتىپ ئولىدۇ. كېيىنكى زامانلاردا سەپەردە بولغان بەزى سەيياھلارنىڭ ئېيتىشىچە شۇ ژىللاردىكى قاچ - قاچتا ئولگەن قاچقۇنلارنىڭ جەسەت سوڭەكلىرى كوزگە چېلىققان ئىكەن.

ياقۇپبەگ قەشقەرىيەدىكى بەش بولۇنمە ھالىتىدىكى فېودال بەگلىكلەرنى ئوستۇلۇق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ چوڭ بىر دولەت شەكلىگە كەلتۇردى. كۇچلۇك ئەسكىرى كۇچكە ئېگە بولدى. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنىڭ» ئابرويى ۋە ئىناۋىتى كوتۇرۇلدى. نەتىجىدە تاشقى سىياسەتتە چوڭ بىر مۇۋاپپىقىيەت قولغا كېلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇچ دولەت «يەتتە شەھەر دولىتى»نىڭ مۇستەقىللىغىنى ئېتىراپ قىلدى. «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتى» ئىچكى ۋە تاشقى بېخەتەرلىگىنى تەمىنلىگەن ھالدا مەملىكەت ئىختىسادىنى كوتۇرۇش، سودا - سېتىقنى رىۋاجلاندۇرۇش ھەمدە خەلق پاراۋەنلىغىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئاجايىپ چوڭ ئىشلارنى قىلدى. بۇنى ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىمۇ تەن ئالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ياقۇپبەگ قوشۇنىدا ئۇزۇن زامان ئىشلىگەن تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن كىتاۋىدا: «ياقۇپبەگ قەشقەرگە كېلىپ خاتىرجەم ئارام تاپتى. شەھەر تىنچلاندى. ھەممە ئەھلى كەسىپ كىشىلىرى ئوز ھۇنەرلىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ھەممە ھۇنەرۋەنلەرگە ئايلىق تەمىن ئەتتى. ھېچ قانداق ئادەمگە زورلۇق ياكى تەھدىت سالمىدى. ئاتالىق غازى ئادالەت ئىشىگىنى ئاچتى، زۇلۇم ۋە دەرت - ئەلەملەر خۇددى سومرۇق قۇشىدەك كوپقاپ ئىچىدىن ۋەتەن توتتى، ئادالەت سىياستىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ژۇرگۇزۇپ پوخرا ۋە خالايىقنىڭ پۇل ۋە جېنىغا قول ئوزۇتۇپ دەخلى قىلماسلىقنى قەتئىي قەيت قىلىپ بېكىتتى» دەپ يازغان ئىدى.

1877 - ژىلى 22 - يانۋار كۈنى بەدولەتنىڭ ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەتى كورلا شەھىرىگە كەلگەن رۇس دىپلوماتى كۇروپاتكىنمۇ: «بەدولەت جانابى ئالىلىرى قۇدرەتلىك بىر ئەلنى قۇرۇپ چىقىپلا قالماي بەلكى ئۇنى دانالىق بىلەن ئىدارە قىلىدىغان كۇچ - قۇۋۋەتكىمۇ ئېگە بولدى» دېگەن.

دېمەك ياقۇپبەگ مەمۇرىي جەھەتتىكى ئىختىدارىدا ئوزىنىڭ زاماندىشلىرىدىن ناھايىتى ئوستۇن تۇراتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئېخىمۇ گەۋدىلەندۇرىدىغىنى ئۇ قوللانغان ئوزگىچە چارە - تەدبىرلەر بولماستىن، موشۇ چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ئۇنىڭ تەۋرەنمەس زېھنى كۇچى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس روھىدۇر. ئۇ ئوزىنىڭ شەخسىي، خۇسۇسى بايلىغىنى كوپەيتىش يولىدا بۇخارا، ئاۋغانىستان ئەمىرلىرىگە ئوخشاش ئۇنداق پەسكەش ئىشلارنى قىلغىنى يوق. ئۇ ئوز دولىتىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش ۋە چار پادىشاغا بويسۇندۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن ئوز كۇچىنى كورۇنۇشتە بولسىمۇ ھەر خىل ۋاستىلار ئارقىلىق ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ياقۇپبەگ غوجىلارنىڭ چىرىك هوكۇمرانلىغىنى تەكرارلىمىدى، ئۇلاردىن ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇ زاماندىشلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئوستۇن ئورۇندا تۇرۇشقا لايىقەتلىك بولۇپ، موشۇ خانلىقلار ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ جاسارەتلىك ۋە ئەڭ تالانتلىق هوكۇمران ئېكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن نۇرغۇن كىشىلەر ياقۇپبەگنى قابىلىيەت جەھەتتە ھەم ئۇنىڭ زور مۇۋاپپىقىيەتلىرى بىلەن ئۇلۇغۋار پىلانىنى كورۇپ ئۇنى ئىككىنچى تومۇرلەڭ دەپ قاراتتى.

ياقۇپبەگ ئاددى - ساددە تۇرمۇش كوچۇرۇش ئادىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئاسىيادىكى باشقا هوكۇمرانلارغىلا ئەمەس، بەلكى قول ئاستىدىكى باشقا بەگلەرگىمۇ ئوخشاپ قالمايدىغانلىغىنى كورۇۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئوردىسى شۇ قەدەر نامراتكى، ئوردىغا كىرگەنلەر ئۇنىڭ ئوز ئوردىسى ئېكەنلىگىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كىيىنىشى ۋە غىزالىنىشىمۇ قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭكىدىن ھېچ قانداق پەرقلەنمەيدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئوردىسى شۇنچىلىك تار ھەم كىچىك ئىكەنكى، ئۇنى زادىلا بۇخارا ياكى قوقان خانلىرىنىڭ ئوردىلىرىغا تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدۇ.

ياقۇپبەگ پۇتۇن دولەت ئىشلىرىنى تورت مىرزىدىن تەركىپ تاپقان دىۋانخانىسى ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن ۋە شۇلار ئارقىلىق بارلىق هوججەت - ئالاقىلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. بۇ مىرزىلار ياقۇپبەگكە ھەم كاتىپ ھەم ئىش بېجىرگۇچى ئورنىدا خىزمەت قىلىدىكەن. ياقۇپبەگ شۇنداق ئاددى - ساددى تۇرمۇش كوچۇرۇش ھېساۋىغا «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنى» مۇستەقىل دولەت شەكلىدە تورغۇزالىغان ئىدى. ئۇ بىر قېتىم قەشقەرگە يېقىن «تازغۇن» دېگەن جايدىكى جىددى جەڭدە ئۇچ يېرىدىن ئوق تېگىپ يارىلانغان بولسىمۇ، جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوزىنىڭ يارىلانغانلىغىنى ئورۇش توختىغانغا قەدەر ھېچ كىمگە ئېيتمىغان ئىدى.

موشۇنداق قەھرىمانلىق بىلەن مۇنداق ۋەتەن، مىللەت تەغدىرى ئۇچۇن جانپىدالىق قىلىش ئالىجاناپلىق ئىشتۇر.

چەت ئەل دىپلوماتلىرىدىن ياۋروپاغا داڭقى كەتكەن مەشھۇر شەرقشۇناس - تەتقىقاتچى، جەسۇر سەيياھ ۋە ئوتكۇر رازۋېدچىك كىرمان ئارمېنىي رامبىرى ياقۇپبەككە ھەيران قېلىپ: «ئۇ بارچە شەرق هوكۇمرانلىرى ئارىسىدا ئەڭ جەسۇرى، داناسى ۋە ئىستىقبالى پارلىغى - ياقۇپبەگ بەدولەتتۇر» دېگەن.

ئەسلىدە «يەتتە شەھەر» خەلقى بىر خەلق ئىدى. ئامما لەنىتى قوقانلىق تەرىقچى غوجىلار بىر ئۇيدان خەلقنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»، «قەشقەرلىك»، «كوچالىق»، «خوتەنلىك»، «ئاقسۇلۇق»، «تۇرپانلىق» دەپ پارچىلاپ تىرىقتەك چېچىپ تاشلىغان بۇ ئەلنى مەرھۇم ياقۇپبەگ جاناپلىرى بىر دولەت ئاستىغا مەركەزلەشتۇرۇپ، قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى خىتاي ئىستىبداتلىرىنىڭ تەسىرىنى پوتۇنلەي سۇپۇرۇپ تاشلاپ تارىختا ئونتۇلماس «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دولىتىنى» تىكلەپ چىققان بۇ مىللەتپەرۋەر قەھرىمانغا ئۇيغۇر خەلقى باش ئېگىپ تازىم قىلىدۇ.

ئابدۇكېرىم سابىت،
ئارخېولوگ.

بۇددا مۇنارى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدىكى خانئوي خارابىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئېگىزلىكى ئون ئۇچ مېتر، شەكلى مورىغا ئوخشايدىغان بىر مۇنار بار بولۇپ، كىشىلەر بۇنى «مورا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

قاراخانىيلار پادشاھى «خانئوي» شەھىرىدىكى تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلىدە، پۇتۇن شەھەر خەلقى بۇددا ئىخلاسمەنلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار بۇددا تەلىماتلىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل ئېگىلەپ ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغان ئىكەن. شۇ يوسۇندا ئۇلار بۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ بۇتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئوز تىلەكلىرىنى «ئۇلۇق بۇت»لارغا بايان قىلىدىكەن. قاراخان پادشاھمۇ شۇ ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئىبادەتخانىغا ياندىش قىلىپ بىر خان سارىيى سالدۇرۇپ، بەزى چاغلاردا ئىبادەتتىن قايتىپ شۇ سارايدا تۇرۇپ قالىدىكەن. بۇنداق كۇنلەردە پادشاھنىڭ تامىغى ئوردىدا ئېتىلىپ ئوگزە يوللىرى بىلەن بۇتخانىغا توشۇپ بېرىلىدىكەن. بۇ بۇتخانا ئوزىنىڭ چوڭلۇغى ۋە ھەشەمىتى بىلەن پۇتۇن ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىكەن. شۇڭا، بۇتخانىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ژىراق - يېقىندىكى ئەللەردىنمۇ تاۋاپچىلار كېلىپ ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھىندىستانلىق بىر بۇددا تەرىقەتچىسى بۇتخانىغا كېلىپ ئىبادەت قىلىش جەريانىدا ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇتخانا شەيخىدىن: «بۇ بۇتخانا شۇنچىلا چوڭ ھەم كوركەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرگە قويۇلغان بۇتلارنىڭ سانى كوپ بولۇشتىن باشقا، ئۇلار ناھايىتى ئەينەن، تەبىئىي ئىكەن. بۇنداق بۇت ۋە بۇتخانىلار، بۇددا دىنىنىڭ بوشۇكى بولغان ھىندىستاندىمۇ كام ئۇچرايدۇ. بۇ بۇتخانىنى قانداق بىر زات ياسىدى» دەپ سوراپتۇ. شەيخ: «بىز تۇغۇلغاچ بۇ بۇتخانا بار ئىكەن. خان ئالىيلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خاننىڭ بوۋىسى سالدۇرغان ئىكەن. بۇنى ياسىغان كىشى شۇ چاغدا ئوتكەن ئادەم بولۇپ، بۇتخانا پۇتكەندىن كېيىن خان ئۇنىڭغا تون يېپىپ ئەمەل - مەرتىۋە بەرگەن ئىكەن. بۇتخانىنى ياساش جەريانىدا ھېلىقى ئۇستا نەچچە مىڭ ئادەمنى تامچى، رەسسام، بوياقچى ۋە بۇت ياساش ماھىرى قىلىپ يېتىلدۇرگەن ئىكەن» دەپتۇ.

ھېلىقى ھىندىستانلىق تەرىقەتچى كەتكەندىن كېيىن خان ئوردىسىدا مەزھەپ پەيدا بولۇپ، ئوردا ئىچى قالايمىقانلىشىپتۇ، خان بىلەن خانزادە قارشىلىشىپ بىر - بىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ. خانزادە خاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، خان ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ئىككى ئارىدا ناھايىتى چوڭ جەڭگى - جېدەل بوپتۇ. مانا شۇ چاغدا خانزادە ئوز قوشۇنلىرى بىلەن چاقماق دەرياسىنى توغانلاپ، خان ئوردىسىغا سۇ قويۇپ، ئارقىسىدىن ئوت قويۇۋېتىپ خانغا تەھدىت سېپتۇ. بۇ چاغدا، خان لەشكەرلىرى ئوزىنىڭ ئەڭ بۇيۇك پاناھى بولغان بۇتخانا ئەتراپىغا ژىغىلىپ ئوزلىرىنى مۇھاپىزەت قىپتۇ. بۇتخانىنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن توتاش بولغاچقا، بۇ يەرگە سۇ چىقماي بۇتخانا ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. كېيىن تۇرلۇك تەبىئىي ھادىسىلەر تۇپەيلىدىن بۇتخانىنىڭ تاملىرى ئورۇلۇپ، چوڭ بۇت قويۇلغان مۇنار ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئەسلىدە تۇرلۇك بۇددا تام سۇرەتلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ھازىر گەرچە بۇددا مۇنارى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تام سۇرەتلىرىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان ئىكەن.

ئەشتاچى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر قېتىم غازاتتىن قايتىشىدا، ئاتۇشنىڭ «ئەشتاچى» دېگەن تاغ باغرىدىكى يېزىغا ناھايىتى كەچ كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. بۇ يەر ئوز ئىشغالىيىتىدىكى جاي بولغاچقا ئىشەشلىك دەپ قاراپ، قاراۋۇل قويماي، بىر نەچچە ئىشتىنى ئەسكەرلەر ياتقان چېدىرنىڭ ئەتراپىغا باغلاپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ. بۇ كېچە ئىشتىنىڭ قاراۋۇللۇغىدا تېپتىنىچ ئوتۇپتۇ. ئەتىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئوز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۇندىن باشلاپ، بۇ جاينىڭ نامى «ئىشت ئۇۋۇچى» (ئىشت قاراۋۇللۇق قىلغان جاي) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئوتۇشى بىلەن بۇ ئىسىم ئوزگىرىپ، «ئەشتاچى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

(«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى).

ئۈچ جىلدلىق «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى» نەشرىگە قىسقىچە ئوبزور

تەتقىقاتچى قاسىم مەسىمىنىڭ ئۈچ جىلدلىق «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى» 4 مىڭ يىللىق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن مىڭ يىللىق دەۋر ئىبرامىزغا توغرا كېلىدۇ.

كىتاپ خىتاي، ياۋروپا، ئىران - پارس ۋە باشقا مەنبەلەر ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلار بىلەن ئاساسلاندۇرۇلىدۇ. بۇ كىتاپلاردا سۆزلەنگەن ئەپسانىۋى، كېنولوگىيەلىك دەۋر ۋە ئۇلار تارىخىي ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلارنىڭ مەلۇماتلىرى ۋە باشقىلار ئۇزغۇن.

بىرىنچى جىلد مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 – يىلى ئۇلۇغ دالادىكى تارقاق قەبىلەلەرنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېغىشلانغان. ئوغۇزخان سۇلالىسى باشقۇرغان دۆلەت دەسلەپتە ئىچكى پەرقلەر ۋە ئىچكى ئىسيانلار تۈپەيلىدىن مىلادى 9 - يىلى، يەنى 300 يىلدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ ۋەقە ... كۆز ئابىدىسىنىڭ 8 – 12 – قۇرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: «... دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلىتى 300 يىل مەۋجۇت بولغان، ئۇنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەنت تاغلىرىدا ئىدى...»

مانجۇرىيەدە ياشىغان «سىيانبى» سۇلالىسىدىن بولغان شاھزادە تانشىخاي (148 – 181 – يىللىرى ياشىغان) ئۇششاق دۆلەتلەرنى بىر پۈتۈن مەملىكەتكە بىرلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تانشىخاي ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ قۇرغان دۆلەت يەنە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىدا: ئالاشان ۋە چوغاي تاغلىرىدا ياشايدىغان ئىچكى موڭغۇلىيەلىكلەر غالىپ چىقىدۇ. توبساچ - توبغاچ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى - توبا گۇي بىر قاتار مۇستەقىل خانلىقلار بىلەن كىنەزلىكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈپ، 386 – يىلى توبا ۋېي دۆلىتىنى قۇردى ۋە ئۆزىنىڭ توبا سۇلالىسىغا ئاساس سالدى.

مەملىكەتنىڭ ئوڭ قانىتىنى باشقۇرىدىغان شېلۇن ئۆزىنى ھوقۇقتا چەكلەنگەن دەپ ھېساپلاپ، ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن خالخا تەرەپكە كېتىدۇ ۋە بۇ يەردە 402 – يىلى ئۆز سۇلالىسىنى ئورنىتىدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەت تارىخقا ئاۋار (ژۇژان) قاغاناتى سۈپىتىدە كىردى.

شېلۇننىڭ ئەۋلاتلىرى توبا سۇلالىسى بىلەن تەسىر دائىرىسى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

487 – يىلى ئاۋار قاغانلىقىنىڭ كىنەزلىرىدىن بىرى قاغان دېئۇلۇن توبا سۇلالىسىنىڭ يەرلىرىگە بېسىپ كىرىشكە ئۇنىڭ رازى ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىلىپ، 100 مىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت ئۆز قارمىقىدىكى قەبىلىلەرنى باشلاپ خالخىدىن غەرپكە يوتكىلىشكە باشلايدۇ. توبا سۇلالىسىنىڭ تورلىرى غەرپكە كەتكەن كىنەزنى ئافۇچژىلو دەپ ئاتىدى. ئافۇچژىلو ئىنىسى چونچى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەكسىگە كەلتۈرىدۇ. توبغاچلار (توبا سۇلالىسى) بۇ دۆلەت نامىنى «گائۇگيۇي» (ئېگىز ھارۋۇلۇقلار) دەپ ئاتىغان. ئافۇچژىلو ئۇلۇق تەگرىقۇت ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى قازاقستاننىڭ شەرقىي ۋە مەركىزىي قىسىملىرىنىڭ تەۋەسىدە ياشايدىغان قەبىلەرنى، جوڭغارىيەنى، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل ۋە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ باشقا تەۋەلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئەندى دېئۇلۇن ئەسكەر توپلاپ ئۇيغۇرستانغا، يەنى گائوگيۇيلارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ، لېكىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنىدۇ. گائۇگيۇيلار ئۇلارنى قوغلاپ، غەربىي موڭغۇلىيەنى، شۇ جۈملىدىن ئۆتۈكەنت تاغلىرىنى، بايكال ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ۋە باشقا رېگىونلارنى ئىشغال قىلىدۇ. ئاۋارلار كېرولېن ۋە ئونون دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغا چېكىنىدۇ. قېرىنداشلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇرۇشىنى پەيدا قىلغان دېلۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئاۋار تۆرىلىرى ئۇنىڭ تاغىسى نوغايىنى ئۆز رەھبىرى قىلىپ

سايلايدۇ، ئۇ كۆچلۈك خان ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇرىدۇ. كۆچلۈكخان ئەۋلادىدىن بولغان ئاناخۇزان 520 – يىلى توبغاچلار بىلەن ... رىپتە بولسا ئاق ھۇنلار - ئەفتالىتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ... قىسى چىقىرىلدى، غەربتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان گاۋگۇكيىلارغا جوڭغارىيەدە ياشايدىغان بۇمىن ۋە ئىستەمى كىنەزلىرى رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار ئاق ھۇنلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيەدە ياشايدىغان يۈيۈن خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، «توبا» سۇلالىسىنى تەختتىن چۈشۈردى. ئاندىن ئاناخۇزان تەرەپدىن خورلانغان شاھزادىلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئاناخۇزاننى ... بۇرۇلدى.

«ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى» كىتاۋىنىڭ 2 – جىلدى 552 – يىلى ئۆتۈكەنت تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەت تۈرك قاغانلىقى ھەققىدە بايان قىلىدۇ. بۇمىن قاغاننىڭ ئوغلى مۇقانخان (تۈرك دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى باشلىقى، 553 – 572 – يىللىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان) سوتسىز ۋە تەرگەۋسىز ئاۋار قاغانى دىنشۇتسى بىلەن بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغاندا توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى ئاۋار ھوكۇمرانلىرى ئەۋلاتلىرىنىڭ «ئاشىنا» سۇلالىسى يولباشچىلىقىدىكى ئون ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن دەسلەپكى ئۆچۈق قارىمۇ - قارشىلىقى يۈز بېرىدۇ. ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقات قىلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇقان خاننىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىشىدۇ، بۇ بولسا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. كېيىنرەك ئىستېمى ۋىزانتىيە ئەلچىسىگە مۇنداق بىلدۈرۈش قىلغان: «ئاۋارلار ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ تۈركلەرنىڭ قىلىچلىرىدىن ئامان قالىدىغان قۇشلار ئەمەس، ئۇلار دېڭىز ئاستىدا غايىپ بولىدىغان بېلىقلار ئەمەس، ئۇلار يەر ئۈستىدە تېنەپ يۈرىدۇ. ئېفتالىتلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئاۋارلارغا ھۇجۇم قىلىمەن ۋە ئۇلار مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» بۇ بولسا ئۇلارنى قۇراللىق كۆرەشكە دەۋەت قىلدى.

ئىستېمى 561 – يىلى خوسروۋ بىلەن تۇققان بولۇپ، يەنى ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ، ئاق ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئىران بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزىدۇ. 6 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرى ئومۇمىي كۈچ چىقىرىش بىلەن ئاق ھۇنلارنىڭ مۇستەقىللىقى يوقىتىلىدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شاھزادىلەر ئاشىنالارنىڭ تەقىپلىشىدىن ئۆز ئەۋلادىنى ۋە تەرەپدارلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جەنۇبقا، يەنى ھازىرقى ئاۋغانىستان تەۋەسىگە كېتىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە خوسروۋ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنى ئىراننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ جاكالاشقا مايىل قىلىدۇ. بۇ ۋەزىيەتنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. ئىستېمى 567 – يىلى تۈرك قاغانلىقىنىڭ نامىدىن ۋىزانتىيەنىڭ ئەلچىسى - زېمارخ كىلىكىيىستنى ئۆز قارارگاھىدا قوبۇل قىلغاندا، ۋىزانتىيە بىلەن ئىرانغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاق تۈزىدۇ. كۈچلەرنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى يۈز بېرىدۇ. ئاق ھۇنلار بىلەن ئاۋارلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ئىران تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاشىنالار ئۇلاردىن ھاكىمىيەتنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداقلا مىراس ئالغان يەرلىرىنىمۇ تارتىۋالىدۇ. بويسۇنمىغانلارغا ئاشىنالار كۈچ قوللىنىدۇ، ئاۋارلار قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى، غەرپكە چېكىنىپ ۋە شەرقىي ياۋروپىدا ياشايدىغان، جۈملىدىن قۇت ئۇيغۇرلار ۋە ئوت ئۇيغۇرلارنى ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىزانتىيەگە ھەربىي - سىياسىي قىسىم كۆرسىتىدۇ. ئاۋارلار ئەلچىسى

نىڭ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا قىلغان ئۇزۇندىن كى بىلدۈرۈشى ئۇنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ساڭا خاقانلار نىجىدە... ئاۋارلار ... ئۇ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ۋە قوغلاپ تاشلاشقا قادىر. ئەمدى شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئاۋارلارنى ... ئىتتىپاقداش قىلىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەجايىپ ھىمايىچىلارغا ئىگە بولۇشىڭ پايدىلىقتۇر...» ئاۋارلار ۋىزانتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قەبىلىداشلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈشىنى توسالغۇلۇق قىلدى. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا بولغۇنچىلىك ... بۇمىن قاغان ئەۋلادى ... رى – نېتىو شابولو قاغان ۋە تورپەنلار تەرەپدار ... ئۇلار تەخت ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە مەملىكەتتە ئىسيان پەيدا قىلدى. تورىمېنى ئىستەمى قاغاننىڭ بالىلىرى قوللىدى. بۇ ئاشىنا سۇلالىسى دەۋرىدە ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغان گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان قەبىلەلەرگە ئۆگدىن كەلدى. شابالىو قاغاننىڭ قېيناتىسى – يانجەن ختايدىكى ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىدىكى شەھەرلەر بىلەن كىنەزلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، 581 – يىلى ئۆزىنىڭ «سۈي» سۇلالىسىنى تىكلىدى. يانجەن سۈيلار «تېلې» ئېروگلىفى بىلەن يازىدىغان «يۈ ېبان»، «گائۇگيۇي» ۋە «ئاۋار» ئاق سۆڭەك قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شابالىو قاغانغا ياردەم بېرىپ، تورېمېنىڭ تەرەپدارلىرىنى تار - مار قىلىدۇ. لېكىن توقۇنۇش بۇنىڭ بىلەن توگىمەيدۇ، ئاخىرىدا 7 – ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈرك قاغانلىقى ئىككى دۆلەتكە: شەرقىي ۋە غەربىي قاغاناتلارغا پارچىلىنىپ كەتتى.

شابولو قاغاننىڭ نەۋرىسى – شىبىخان (609 – 619 – يىللىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان) ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشەرمىدى. ئۇ تۈرك دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ سەۋەپكارى «سۈي» سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋىلا قالماي، بەلكى شۇنداقلا قەبىلىدىشى توبغاچ گېنېرالى لى يۈئانغا ياردەم بېرىپ، «سۈي» سۇلالىسىنى يوقىتىدۇ. «سۈي» سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا لى يۈئان سۇلالىسى - «تاڭ» چىقتى. شىبى خاننىڭ قېرىنداشلىرى چۇلوخان ۋە كاتېل خان ئەكسىچە، غۇلىتىلغان «سۈي» سۇلالىسىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، يەنە «ئاشىنا» شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغۇنچىلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچتى.

ۋېيخۇ، پۇگۇ، تۇنلو ۋە بايېگۇ ئاقسۆيەك قەبىلىلىرى (ئۇلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىي ۋە ۋە مەركىزىي قىسىمىدا ياشاتتى) ئاشىنا شاھزادىلىرى پەيدا قىلغان قېرىنداشلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ياغلىقار» دېگەن ئومۇمىي نامنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز تەۋەسىدە دۆلەتنىڭ ئىلگەركى ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

كاتېل خان قاغان بولۇنگەندىن ئىسياننى كورۇپ، 628 – يىلى غەرپتىن، يەنى تارىم ۋادىسىدىن ئۆز ئوغلى يۈكۈك شاد يولباشچىلىقىدىكى جازالاش ئوترەدىنى ياغلىقارلارغا ئەۋەتىدۇ، ئەندى شەرقتىن بولسا ئۇلارغا مەرھۇم شىبى قاغاننىڭ ئوغلى - تۇلى خان شاھزادە ئاتلىنىدۇ. ياغلىقارلار سەردار پۇسانىڭ رەھبەرلىكىدە چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى تار - مار قىلىپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئۇلارنى غەربىي قاغاناتنىڭ رەھبىرى تون - يانغۇ قوللايدۇ. ئۇلار بىرلىشىپ كۈچ چىقىرىپ كاتېل خانغا قىسىم كورسىتىدۇ، ئۇ 632 – يىلى تاڭ ئىمپېرىيەسى بېشىدا تۇرغان ئىتتىپاقداشلار ئالدىدا تەسلىم بولىدۇ. تۈرك قاغانلىقى ۋاقىتلىق ئۆز مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ۋاقىە كۆل تېگىن ئابىدىسىدە مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «... تىككىنچى ئۇيغۇر دۆلىتى 80 يىل مەۋجۇت بولدى. ئۆتۈكەنت تاغلىرى دۆلەتنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ پادىشاھلىق ... قاغان ۋە بۆزقۇلار داھىلىرىنىڭ: بېردى بېرىس ... ۋە قادىر قاسىرنىڭ ... ھالاك بولدى...».

شەرقىي قاغانلىقنىڭ ھاكىمى كاتېل خان ئىتتىپاقداش ئەسكەرلەر تەرەپدىن غۇلىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۈكۈك - شاد ئۆزىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ھاكىمى دەپ ئېلان قىلىپ، 642 – يىلى توخارىستاننى بويسۇندۇردى. شاھزادە ... رەھبەرلىك قىلغان غەربىي قاغانلىقى ... ھوكۇمرانلىرى ... غا (ھازىرقى چىمكەنتتىن ... شەرىق تەرەپكە) چېكىندى. لېكىن تورغى تورغاپ كېلىۋاتقانلار بىلەن بولغان جەڭدە غالىبىيەت قازىنىدۇ. يۈكۈك مەغلۇپ بولغان قەبىلىداشلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

غەربىي – تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىكمىيۈلى ئىبىخاننىڭ ئوغلى ئىبى شېگۈي - خان سايلىنىدۇ. شېگۈي قاغان تاڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈمىدىدە تاڭ ئۆينىڭ مەلىكىسى بىلەن نىكاھلىنىپ ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چاڭئەنگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىدۇ. لېكىن لى شى - مىن مەلىكە ئۈچۈن بەش شەھەرنى - كۇچا، خوتەن، قەشقەر، چۈگۈيۇر (يەركەنتنىڭ جەنۇبىدا) ۋە جۇنلىننى تەلەپ قىلىدۇ. قاغان ئىمپېراتورنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىدۇ ۋە نىكا بولمايدۇ.

يۈكۈك - شادنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن 646 – يىلى قاغان بايشۇيخۇ شەھىرىگە ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. جوڭغارىيەنىڭ ھوكۇمرانى ئاشىنا خېلىك (ختايچە شابولو - خان ئاشىنا خېلۇ) يۈكۈكنى ھىمايە قىلىپ ئاتلاندى. قاغان ئەسكەرلىرى خېلىك ۋە يۈكۈك - شاد ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تار - مار قىلىدۇ. يۈكۈك قۇندۇزغا (توخارستان) چېكىنىدۇ. مەغلۇپ بولغان خېلىك شاھزادە ئۈچۈن شۇشىدى، چۇمۇگۇن ۋە پويى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى يانباستى، ئۇلار خېلىكنىڭ گۇناسىز ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى. قاغان غەزەپلىنىپ شۇشىدى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خالىغان ئىدى، ئۇلار نارازىلىق بىلدۈرۈپ جازاغا ئۇچرىغان شاھزادە بىلەن، ئائىلىلىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن شەرىققە كوچۈپ، 648 – يىلى تاڭ ئىمپېرىيەسىدىن پانالاندى.

ئاشىنا خېلىك شەرىقتىكى قەبىلىداشلىرىدىن ۋە تاڭ ئىمپېرىيەسىدىن ياردەم ئېلىپ، غەرپكە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەندى شېگۈينىڭ تەرەپدارلىرى كەينى - كەينىدىن خېلىك تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بويسۇنمىغانلارغا خېلىك كۈچ قوللىنىدۇ. ئىران شاھى ئېزدېگىر 3 – نىڭ كارۋىنىنى بۇلاشنى ئۇيۇشتۇرغان خوراساننىڭ ھاكىمى ماخۇي سۇرمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۇم قىلىنىدۇ. شېگۈينىڭ ئايرىم تورىلىرى خېلىككە قارشىلىق قىلىشنىڭ ھاجەتسىز ئېكەنلىكىنى كورۇپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى شۇنداقلا شېگۈينى ئۆلتۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

بۇ يېڭى غەزەپ دولقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىبىر شاھزادىلار خېلىككە بويسۇنمايدىغان بولدى. يېڭى ھوكۇمران ئىسيانچىلارغا قارشى كۈچ قوللاندى. شېگۈينىڭ باللىرىمۇ تەقىپلەنگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شىمالىي كاۋكازنى باشقۇرىۋاتقان تۇققانلىرى تەرەپكە كەتتى، ئەندى خوراساندا ياشايدىغان ماخۇي سۇرنىڭ يەبەلگىلەيدۇ. ئاشىنا مىشېنىڭ مەنسۇپى نۇسمۇ ۋە ئۇ جەسۇر ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چوڭ گېنېرالى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. سىنسۇان ئۇنۋانى بىلەن قاغان قىلىپ قويىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈنلىنىڭ ھاكىمى قىلىپ تايىنلىنىدۇ. بەش دۇلۇ قەبىلىسىنىڭ يەرلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. قاغاننىڭ قارارگاھى مىكبۇلاققا جايلاشقان ئىدى. ئاشىنا بۇچژېنمۇ جەسۇر ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چوڭ گېنېرالى بولىدۇ. جىۋانجۇنى ئۇنۋانى بىلەن قاغان قىلىپ قويىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنچىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ قول رىسىغىدا نۇشبېنىڭ بەش قەبىلىسىنىڭ تەۋەسى بولۇپ، قاغاننىڭ قارارگاھى بايكەنت شەھىرىدە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاشىنا سۇلالىسى غەرپتىمۇ ھوكۇمرانلىق ئەھۋالىنى يوقىتىپ، توبغاچلارنىڭ، يەنى تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىدا قالىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆل تېگىن ئابىدىسىنىڭ 7 – 14 قۇرلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئەركەكلىك ۋە ساپ ئاياللىق ئەجداتلىرى بىلەن توبغاچ خەلقىگە قۇل بولدى. تۈرك ھاكىملىرى تۈرك ئىسىملىرىنى ئۆزلىرىدىن ساقىت قىلىپ، توبغاچ خەلقى ھوكۇمرانلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن ئۇنۋانلىرىنى ئالدى، توبغاچلارنىڭ قاغانىغا بويى سۇندى. ئۇلار ئۇنىڭغائەللىك يىل داۋامىدا ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈچ - قۇۋۋىتىنى بەردى...». «... لېكىن كېيىن پۈتكۈل تۈرك خەلقى: بىز ئۆز قاغانىغا ئىگە خەلق ئىدۇق، بىزنىڭ قاغانىمىز قېنى؟ بىز ئۆز ئەمگىكىمىز بىلەن كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى قايسۇ قاغانغا بېرىۋاتىمىز؟ - دېدى ئۇلار ۋە توبغاچ خەلقى قاغانىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى...».

ئاشىنا سۇلالىسىنىڭ مۇستەقىللىقى 682 – يىلى، يەنى 50 يىلدىن كېيىن، بۇمىن قاغاننىڭ ئەۋلاتلىرى قۇتلۇق (گۇدۇلۇ) ئىنىسى قاپاغان (موچۇو) بىلەن قەبىلىداشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتۈكەنت تاغلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنە تۈرك قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى» كىتاۋىنىڭ 3 – جىلدى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئەسلىگە كېلىشىگە بېغىشلانغان.

كۆل تېگىن خاتىرە تېشىدا بۇ مۇنداق بايان قىلىنغان: «... ئاخىرى كۆلىېك بىلگە قاغان (ئەتىمالىم بۇ يەردە «ئېلتېرىش» تەخت ئۇنۋانىغا ئىگە قۇتلۇق توغرىلىق سۆز بولۇۋاتسا كېرەك - قاسىم مەسىمى) ۋە ئېلبېتمىش تەخت ئۇنۋانىنى ئالغان (ئەتىمالىم بۇ يەردە سۆز كۆل تېگىن ھەققىدە بولسا كېرەك - ق. م.) ئۇنىڭ ئوغلى تۇرەن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈكەنت تاغلىرىنى

مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەكسىگە كەلتۈردى.»

716 - يىلى موكلەن توربوزتلارنىڭ قاغانى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ قاغانلىق ئىيرىم شاھزادىلەرنىڭ كۆپلىرىنى تەيۋ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلگىرى لاۋازىملىرىدا تەكسكە كەلتۈردى. مەسىلەن، تونيۇقۇقنى يەنە قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. تەندى خوشۇن شاھزادە بولۇپ باشلىقلىكى بېزى بىر ياغلىقارلار قەبىلىلىرىگە بىنە خاقاننى كوچۈپ كېلىپ، دۆلەت خىزمىتىدە لاۋازىمغا ئېگە بولدى. موكلەن دانا مەسلىھەتچى تونيۇقۇق ۋە جەسۇر تەسكەر باشلىقى كۆل تېكىن بىلەن پەم - پاراسەت ۋە كۈچ قىلغاننىمىز ئەمەلمەكتە تەرتىپ ئورنىتىدۇ. كۆل تېكىن ۋە تونيۇقۇقلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن تونيغاچلار تەرىپىدىن كۆش - كۆشلەنگەن، قاغانغا مۇخالىپ بولغانلار يەنە تۈركىيۇتلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. كېيىن قاغانلىقنىڭ باللىرى بىلەن تەرەپدارلىرى دۆلەت ئىشلىرىغا پاتال ئارىلىشىپ، تۈگۈقتىنىڭ ئەۋلاتلىرى بىلەن تەختتە تالاشتى. ئۇلار نوردىدا پىتنە - پاسات پەيدا قىلىپ، بىر - بىرنى ئۆلتۈرىدۇ. دۆلەت باشقۇرۇش تەشەببۇسى مەرھۇم قاغان قايلىقانىڭ ئىنىسى ۋە ئەۋرىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەنىدە يەنى 742 - يىلى ئۇزۇل كېسەل پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. كۆلى پېيلو بولىباشچىلىقىدىكى ياغلىقارلار قەبىلىلىرى كۆل تېكىن ۋە موكلەن تەرەپدارلىرىغا ياردەم بېرىپ قاغان ھالدا زورلۇق بىلەن ھاكىمىيەتنى ئىلىۋالغانلارنى قىستىقا باشلىدى. ئۇلار بولسا كۆل تېكىننىڭ: «ھەي تۈرك خەلقى، سەن ئۇ تەرەپكە ئوتكەن چىغىڭدا (تونياچلارغا يەنى كىتايغا - ق. م) سەن ھالاكەت گىرۈڭگىدە ئەدە تۇرىسەن.» دېگەن ۋەسىيىتىنى رەت قىلىپ، ئامەتۈي تۈردە تونياچلار تەرەپكە يەنى تاڭ ئىمپېرىيىسىگە كېتىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن كۆلى پېيلو باشچىلىقىدىكى ياغلىقارلار ئاشنا سۇلالىسىنى تەختتىن ئاغدۇرۇپ، دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلىتى ئامنى نەكسىگە كەلتۈردى. قاغانلار قاراڭھى ئوتۇكەنت تاغلىرى ئېتىكىگە، تولا دەرياسىنىڭ بويىغا ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇرلار، خۇزدى باشتا خاقانلار - خىتايلار، پارسلار ۋە باسقاشلارغا ئوخشاش - دەۋرىنىڭ ئىيرىم باسقۇچلىرىدا ئىنچكى ئىسپانلار كاسىپتىدىن ئۆتشاق پادىشالارغا بولۇپ كېتتى. ئادىلىرىنىڭ بىر تەۋەللۇردە تەختتە تاللىشىپ كەلگەن قاتناش شاھزادىلىر، ئوز سۇلالىلىرنى ئىكلىدى، ئۇيغۇرلار دەسلەپكى بىرلەشتۈرۇش ئۇچۇن - كونفۇتسى، داتوسىزم، بۇددىزم، زوروئوستىرىزم، مانىخىي، خىرستىئان دىنلىرىنى قوبۇل قىلدى. خوشنىلار - خىتايلار، پارسلار، رىملىقلار ۋە باشقىلار ئۇيغۇرلارنى قۇلاپ، قۇۋۋەتلەپ، «ئورۇنكېڭكىنى»، «ئۇ «ياغلاتى»، يەرقىلەنىزوروش ئۈچۈن ئۇلارنى «سيانبى»، «تاتار»، «ۋۇزان»، «خون»، «كانوكويۇ»، «تېلى» دېگەن ۋە باشقا نامارنى تەخەللۇسلىرى) بەردى.

ھۇنلار دېگەن ئۇمۇمىي نام بىلەن مەلۇم بولغان، توققۇز ئۇيغۇر (ئاقارلار، سىرىق ئۇيغۇرلار - سارىقۇرلار، قوت ئۇيغۇرلار - قوچۇغۇرلار ۋە باشقىلار) قەبىلە بىرلەشمىسى بېشىدىكى ئۇيغۇرلار 1 - مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىدا كاسپىي دېگىزىنى شىمالىي ئايلىقشىپ ئوتۇپ مەركىزىي ياۋروپىغىچە باردى. ئۇلارنىڭ ئوغۇلاغانى تىلىي تۇرۇپ بىلەن قاغان ئەۋلادلىرى ئىمپىرى شاھزادىلىرى ياۋروپىغا كېتتى.

ئوز ئۇيغۇر قەبىلە بىرلەشمىسىدىكى ئىتەقلىلىرى تەرىپىدىن بۇمىن قاغان ئەۋلادلىرى تەرەپدارلىرى قىلىپ، بۇمىن قاغان ئاسىغا تالىپ قوبۇل قىلىنى، ھەم دېگىنىدە ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار بىرلىكىگە ئۇرۇنۇپ، ئىلگىرىلەپ ئىبارە بىلەن ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاكەتەت دېگەن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى تەكسىگە كەلتۈردى.

يادىكار سابىتى.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار

ئۇلار قەلبى ئاتەش، مېھرى دەريا ئىنسانلار ئىدى

ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا تىببىي پائالىيەت باشلانغان.

ئىۋان پاۋلوۋ.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بارلىق شەھەر ۋە قەلەلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمقى تارىخى ۋە خەلقى بىلەن نامايەن بولىدۇ. مانا شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى غۇلجا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مەلۇم. «.. ئۇ يۈەن سۇلالىسى(1271 - 1368) ۋە مىڭ سۇلالىسى (1368 - 1644 - يىللار) دەۋرلىرىدە «ئىلى بالىق» دەپ ئاتالغان. 1755 - يىلى جۇڭغارلار ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە غۇلجا (قۇنتەيجى) يەنى سۇۋان رابدانىنىڭ (1663 - 1728 - يىللار) ئوردىسى تۇرۇشلۇق جايى بولغان.» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1988- يىل، 6 - سان).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى تارىخي ئۆزگىرىشلەر ۋە تۈرلۈك ۋاقىئەلەر تۈپەيلى يەنى 1888- يىلى غۇلجا ئوز ئالدىغا ناھىيەگە ئۆزگەرتىلىپ، مەركىزى غۇلجا شەھەر بولۇپ قالغان. مانا بۇ تارىخي يىلنامىدىن ئېلىپ قارىغىنىمىزدا، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدا تۈرلۈك ساھالار تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىمىز. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھايات تەتقىقاتلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇيغۇر مېدىتسىنا - تىبابەتچىلىكىنىڭمۇ باشقىلار قاتارىدا زامانىۋىي يول بىلەن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۇق. «ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز» دېگەن ماتېرىيالدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنيا مېدىتسىنا تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قامۇسلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى يالغۇز يېقىنقى زامانىنىڭ ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەن - مەدەنىيەت مۇۋاپپەقىيەتلىرى فارابىي، ئىبن سىنا تىببىي تەلىماتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئەڭ قەدىمىي پائالىيەت بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگەركى دەۋرلەردىن باشلانغانلىقىنى بىلىمىز.» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1966 - يىل، 3 - سان.)

مەن موشۇ خىلدىكى تىبابەتچىلىكىمىزگە دائىر ماتېرىياللارنى كورۇۋېتىپ، كوزۇم سۈرەتلەر ئارخىپىمدىكى مونۇ سۈرەتكە چۈشتى. سۈرەتتە: «غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس گراژدانلىرى، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى، يەرلىك ھوكۇمەت باشلىقلىرىنىڭ غۇلجىدا بىرىنچى مەرتىۋە خەلق شىپاخانىسى ئېچىلىش مەراسىمىدا ئېلىنغان رەسىم خاتىرىسى. 1912 - يىل، 25 - ئوكتەبىر» دېيىلگەن.

مانا بۇ سۈرەتلىك ھوججەتكە ئاساسلانغىنىمىزدا، غۇلجا شەھىرىدە زامانىۋىي خەلق داۋالاش ئورنى - دوختۇرخانا قۇرۇلغىنىغا 2002- يىلى 90 يىل تولدى. ئاما شۇ شىپاخانىنىڭ دوختۇرلىرى، داۋالاش، تەشكىلىي ئىشلىرى قاچانغىچە داۋام قىلدى؟ بۇ ھەقتە قولىمىزدا ھازىرچە باشقا مەلۇماتلار يوق. پەقەت قېيىم سابىرھاجىيېۋنىڭ 1990 - يىلدىكى قوليازمىسىدا: «...بۇ 1916 - يىل ئىدى. مەسئۇت ئەپەندى ئۇزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلەكدىشى ھەم يۇرتدىشى ئابدۇراخمان ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىلىم ئىزدەپ تۈركىيەگە ئوقۇشقا بارىدۇ. مەسئۇت ئەپەندى ئىستامبۇلدىكى مېدىتسىنا دەرگاھىغا، ئابدۇراخمان ئەپەندى دارىلمۇئەللىمىن بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ تەھسىل كورىدۇ...

1919 - يىلى مەسئۇت ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى بىلەن ئىستامبۇلدا ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۈمۈتلىك ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ئانا يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مەسئۇت ئەپەندى ئوز قوراسىدا ۋە غۇلجا شەھىرىدە دوختۇرخانا ئېچىپ، خەلقنى داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ»، دېيىلگەن.

ژۇقۇرىدىكى قوليازما خاتىرىنى «ئىلە دەرياسى» گېزىتىنىڭ 1935 - يىلى 18 - ئاپرېل، 145 - سانىدا چىققان مونۇ ئېلان تەستىقلەيدۇ: «يېڭى ئامبۇلاتورىيە ئېچىلدى. ئۇشبۇ يىل 12 - ئاپرېل مۇناسىۋىتى بىلەن مەسئۇت ئەپەندى ھويلىسىدا مۇھتەرەم رەھبەرلىرىمىزنىڭ غەيرەتلىرى بىلەن يېڭى ئامبۇلاتورىيەنى ئېچىش مەراسىمى ئوتكۈزۈلدى. 16- ئاپرېلدىن ئېتىبارەن رەسمىي رەۋىشتە ئىشقا كىرىشىپ، بىر ھەپتە كېسەللەرنى پۇلسىز قاراشقا قارار قىلىندى. دوختۇر نېغمەت ئىنئامجانوۋ».

غۇلجا شەھىرىدە 30 - يىللاردىن باشلاپ مېدىتسىنا - تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن رەسمىي مەشغۇل بولغان نېغمەت ئىنئامجانوۋ ئۆزبەك. ئۇ 1911 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. غۇلجىدىكى تاتار مەكتۇبىدە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. ئۇ دادىسى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ، 1932 - يىلى تاشكەنت مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈترىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى مەسئۇت سابىرىي شىپاخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1934 - يىلى شەخسىي شىپاخانا ئېچىپ خەلقنى داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1940 - يىللاردىن باشلاپ ھوكۇمەت شىپاخانىلىرىدا ئىشلەپ غۇلجا شەھەر، شەھەر ئەتراپى ۋە غۇلجا ناھىيەسى بويىچە خەلقنى داۋالاشتا مۇشەققەتلىك، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆز كەسپى بويىچە ئىشلەپ، خەلقنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشكەن. 1944 - يىلدىكى مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپتىن كېيىن غۇلجا ھەربىي گوسپىتالىدا جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھوكۇمەت ئۇنى ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىغان. ئۇ 1946 - يىلدىن باشلاپ غۇلجىدىكى تىببىي كۇرس (1947 - يىلدىن كېيىن تىببىي تېخنىكوم) دا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، تىببىي پەنلەر بويىچە دەرس ئوتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور ئۇنۋانى بىلەن ئىشلەپ، كوپ نەتىجىلەرگە ئېگە بولدى. ئۇ يېڭىنە بىلەن داۋالاش ھەققىدە رۇس تىلىدا كىتاپ يازغان.

دوختۇر نېغمەت ئۈرۈمچىدە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ «ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» ژۇرنالىدا «تىببىي تېرمىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى»، «ئىنفېكسىيەلىك سېرىق كېسەللىكى»، «سۇدا ئېرىمايدىغان مايسىمان دورىلارنى كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرى»، «ئى. پ. پاۋلوۋنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى بېسىلدى. ئۇ ئاجايىپ داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارلار: «دوختۇر نېغمەت كەپتۇ دېسە مەن ساقىيىپ كېتىمەن...» دەپ ئىنكاس قىلاتتى.





دوختۇر نېغمەت ئىنئامجانوۋنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىلى خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەككەم باغلىق. ئۇ 30 يىلدىن ئارتۇق تىببىي تەجرىبە - ساۋاقىغا ئىگە بولۇپ، پەقەت خەلقنى داۋالاش بىلەن ھايات كەچۈردى. ئۇ 1959 - يىلغىچە ئۇيغۇرلار دىيارىدا ياشاپ، ئاندىن س س س رغا كېتىپ، 1964 - يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولدى.

دوختۇر شامىل تاجىدىنوۋ، تاتار 1912- يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1929 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتەرگەندىن كېيىن 1935 - يىلغىچە تۈرلۈك سالالاردا ئىشلەپ، 1936 - يىلى تاشكەنتكە چىقىپ، 1937 - يىلى تاشكەنت مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا چۈشكەن. ئۇ 1942 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. 1954 - يىلى س س س رغا چىقىپ كەتكىچە غۇلجىدىكى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىگەن. 1954 - يىلدىن تاشكەنتتىكى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىگەن. دوختۇر شامىل 58 يىللىق تىببىي ساھادىكى ئەمگەك ستاژىغا ئىگە. ئۇ 1997 - يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

دوختۇر شامىلىمۇ غۇلجا شەھىرىدە تىببىي ساھادا 10 يىلدىن ئوشۇق ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلدى. ئىلى تىببىي تېخنىكومىدا دەرس ئوتۇپ، تەلەبەلەرنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئېلىشىغا بارلىق ئىلمىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا سەرەمجان، خەلق دەردىگە دەرمان ۋىراچ ئىدى.

شەفىقە سالىخ قىزى سەدرىتدىنوۋا، تاتار. 1921- يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ تاتار ۋە رۇسچە ئوقىغان. شەفىقە دەسلەپ ئىزلومانوۋ دېگەن رۇس ئوقۇتقۇچىسىدا ئوقىغان. 1936 - يىلى تاشكەنتتە 3 يىللىق تەييارلىق كۇرسىدا ئوقۇپ، 1939- يىلى تاشكەنت مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا چۈشۈپ، ئۇنى 1943 - يىلى تاماملاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ئانا ۋەسىيىتىگە سادىق شەفىقە غۇلجىدا خەلقنى ھەقسىز داۋالىغان.

ئۇ 1944 - يىلى مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپ پارتلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ھەربىي گوسپىتالدا، چوچەكتە، مەركىزىي فرونتتا مايور ئۇنۋانى بىلەن تىببىي ساھادا ئىشلىگەن. ھوكۇمەت ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى ژۇقۇرى باھالاپ «باھادىرلىق» مېدالى، 1 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى. غۇلجا تىببىي تېخنىكومىدا دەرس ئوتۇپ، تىببىي كادىرلارنى تەييارلاشقا ھەسسە قوشقان. شەفىقە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدە «تېز ياردەم بېرىش» خىزمەتلىرىدە ئۈنۈملۈك ئىشلىگەن. 1990- يىلى ئالمۇتىدا ۋاپات بولغان.

ھەجەرخانىم راخمانوۋا 1899 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىلىم ئالغاندىن كېيىن 1932 - يىلغىچە قىزىلوردا تىببىي تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئۇ تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئانا - بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش ئىشلىرىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئاكۇشېركا - بالىلارنىڭ كىندىك ئانىسى بولۇش ئارزۇسىدا بولغان. 30- يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللاردىن باشلاپ خەلق ئىچىدە ئاكۇشېركا - تۇغۇت ئانىسى بولۇپ نامى چىققان. 1950 - يىلى ئىلى خەلق شىپاخانىسىدا (سۇ دارۋازىدىكى) تۇغۇت بولۇم باشلىقى بولغان. مۇشۇ يىللىرى ئۇ خەلق ئىچىدە ھەجەر خانىم تۇغۇت ئانىسى نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، خەلقنىڭ مىننەتدارلىقىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ 1972 - يىلى ئالمۇتىدا ۋاپات بولغان.

بىز ژۇقۇرىدا ئىسىملىرىنى ئاتىغان تىببىي خادىملىرىمىز ئوخشاش بولمىغان دەۋىردە، ئېغىر شارائىتلاردا جاپاغا چىداپ خەلقنى داۋالىدى، تىبابەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ شانلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى قەلبى ئاتەش، مېھرى دەريا شىپاكارلىرىمىز دەپ ئاتايمىز.

تۇرسۇن قاھارىي.
ئالمۇتا.

مەرپەت يولىدىكى مەشئەل

(ئاخىرى، بېشى 3 - بەتتە).

مەمتىلى ئەپەندى يەنە بىر تەرەپتىن 24 كـەنتتە 24 مەكتەپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن 9 كىشىدىن ئىبا - رەت «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» تـەشكىل قىل - غان. شۇنداقلا ھەر بىر كەنتتە «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇر - غان. مـەمتىلى ئـەپەندىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن بۇ ھـەيئەتلەر ئىنائـە تـوپلاپ مـەكتەپ قـۇرۇلـۇ - شى ئىشلىرىنـى بـاشلىغان ۋە مـەكـتـەپـلـەرگـە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشنى بىللە ئېلىپ بـار - غان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئەجايىپ جـوشقۇنلۇق پائالىيىتى بەزى قاراگۇرۇھ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ياقـ - مىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭـ غا جاۋابەن، مەمتىلى ئەپەندى مۇئەللىملەرنى يېتىشـ - تۈرۈش كۇرسىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ، نەيـ - بارابانلارنى چېلىپ، ناخشا - مارشلارنى يـاڭرىتىپ، غوجانىياز ھاجىمنىڭ سەپدىشى مەھمۇد مۇھىتنىڭ قەشقەردىكى باش شتابىغا بېرىپ، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەرپەتچىلىك پائالىيىتىگە توسالغۇلۇق قىلـ - ۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىدۇ.

موشۇ مۇئەللىملەرنى تەييارلاش كۇرسىدا ئوقىغان ۋە مەھمۇد مـۇھىتقا مۇتەئەسسىپلەر ئۈستىدىن ئـەرز قىلىپ بېرىشقا ئىشتىراك قىلغان سەيىددىن ئەزىزىي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئالدىمىزدىكى دۇمبـاق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۆنىمىزنىڭ بـارىچە ۋاقىراپ شېئىر ئېيتىپ، سىلكىنۈپ يـاڭرىتىپ، ئىچكى - رى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇد شىجاڭ ئۆزى - نىڭ بىر نەچچە ئەمەلدارى بىلەن تۇرغان ئىكەن، ئۇ - نىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. ئۇ بىزنى بـەك قىز - غىن قارشى ئالدى... بىزنىڭ دوكلادىمىزنى ئاڭلاپ مەھمۇت شىجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ مەمتە - لى ئەپەندىگە قارىتىپ: ئۇ لومودىلارغا ھەرگىز يـول بەرمەڭلار، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىز - گە ئىككى مىلتىقلىق ئەسكەر بېرەي، ئەگەر يەنە قـار - شىلىق قىلىدىغانلار بولسا، باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېـ - رىڭلار، مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مائارىپ ئىشىڭ - لارغا ھېچ كىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، - دېدى...

مەھمۇت مۇھىتنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنى مـۇنداق ئىدى: «ئاتۇشتىكى ئۇلىمايۇ ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىـ - غا جىمىكى پۈخراغا مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەنـ - دى باشلىق بولۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىـ - نى باشلىغانلىقى كىشىنى خوشـال قىلىدىغان ئىش، خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. نادانلىقتىن ئـويغىنىش ۋاقتى كەلدى، دۇنيادىكى باشقا ئـەللەر بىزدىن جىق ئېشىپ كەتتى. ئەندى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، بالىلـ - رىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. بۇ، بىز ئاتىلارنىڭ ۋە - زىپىمىز. مۇنداق بىر ياخشى ئىشقا، ئاڭلىساق قـارشـ - لىق بولۇۋېتىپتۇ... مۇنداق ئىشلارغا يول قويغىلى بول - مايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرەقـ - قىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلدى. كىمكى بۇ ئىشقا قارشىلىق ياكى توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا،ئۇ - نىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭغا قاتتىق جا - زا بېرىلىدۇ. چوڭ - كىچىك پۈتۈن خالايىقمۇ مەمتـ - لى ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا يـاردەم قىلىشلىرىنـى ئـۈمـۈت قىلىمەن. دەپ: شىجاڭ مەھمۇد مۇھىتى.»

مەھمۇد مۇھىتنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېگە بولغان مەمتىلى ئەپەندى قەشقەردىن قايتىپ كەلگەنـ - دىن كېيىن، ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغـ - راخان جامەسى ئالدىدىكى چوڭ مـەيداندا 10 مىڭ كىشىلىك ژىغىن ئېچىپ مەھمۇد مـۇھىتنىڭ بۇيـ - رۇغىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋە ئـۆزىنىڭ مـەخسەت - مۇددىئاسىنى بايان قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەمـ - تىلى ئەپەندىنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق دا - ۋاملاشقان.» (سەيىددىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە 1) 412، 413، 414 - بـەتلەر، بېيجىن، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، 1990 - ژىل).

1934 - ژىلنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىملەرنى يېتىشـ - تۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇشى تاماملىنىپ، كەنتلەردـ - كى يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلـۇشمۇ ئـاخىرلاشـقـان. 1935 - ژىلنىڭ بېشىدا مەمتىلى ئەپەندى ئالتە ئايـ - لىق كۇرسنى تاماملىغانلارنى تىزىلدۇرۇپ، ناغرا - دۇمباقلارنى چالدۇرۇپ، ئۆزى ئىجات قىلغان «مەرـ - پەت مارشىنى» ئېيتقۇزۇپ پۈتۈن ئاتۇشنى زىل - زىـ - لىگە كەلتۈرگەن. بۇ ھەقتە سەيىددىن ئەزىزىي مـۇنـ - داق ئەسلەيدۇ:

«بىز يۇرتلارغا كىرگەندە خەقلەر زور قىزغىنلىق بىـ - لەن قارشى ئالدى. بىز قاتار تىزىلىپ شېئىرلار ئـو - قۇپ، ھەربىلەرچە قەدەملەر بىلەن ئالغا باسىمىز، بىزـ - نىڭ ئېيتىدىغان شېئىرىمىز مەمتىلى ئەپەندى تەرىپـ - دىن يېزىلغان بولۇپ، تېكىستى مۇنداق:

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي ژىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خوراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كوزلىرىمىز قارىغۇ، كوپ ناچار بولدۇق.
بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ھۇلى.
يوروق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

(س. ئەزىزىي. «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە 1) 416، 417، 418 - بەتلەر.)

شۇنداق قىلىپ ئاتۇشتا 1935 - ژىلى مىسلى كۆ - رۈلمىگەن مائارىپ دولقۇنى قانات يايغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىۋاستە تەشەببۇسى ۋە رەھبەرلىكى بىـ - لەن سېلىنغان 24 كەنتتىكى 24 مەكتەپتە 10 مىڭـ - غا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇشقا باشلىغان. مەمتىلى ئە - پەندى ھەر تەرەپلىمە بىلىملىك پېداگوگ، شائىر، ئە - جايىپ ناتىق ۋە تەشكىلاتچى سۈپىتىدە كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنتايىن چوڭ ئابرويغا ئېگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىگە ئايـ - لانغان ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى چوڭ ياشتىكىلەر ئۈ - چۈنمۇ كەچ كۇرسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كوپلىگەن ئا - دەملەرنىڭ ساۋادىنى چىقارغان ئىكەن.

ئاتۇشتا قانات يايدۇرۇلغان مۇنداق ئالىيجانـاپ مەرپەتۇەرلىك دولقۇنى يەنىلا مۇدھىش مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قـارشىلىقىغا ئـۇچرايدۇ. بىراق 1937 - ژىلغا كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجايىپ مەرپەتپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر پەرزەندى، شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىـ - سىگە تاشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇكېرىم ماخمۇت مۇنـ - داق دەپ ئەسلەيدۇ:

«ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى، ئوت ژۈرەك مەمتىلى ئە - پەندىنى 1937 - ژىلى 5 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ساقچى ئىدارىسى قولغا ئېلىپ، ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۆلتەرگەن.»

(«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى، 1993 - ژىل، 2 - سان، 6 - بەت.)

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلتىرىلىشىگە باغلىق يالقۇن روزى «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق ماـ - قالىلار توپلىمىدا تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتلارنى بېرىـ - دۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىدە دۈشمەنگە قىلچە باش ئەگمەي باتۇرانە كۈرەش قىلغان، ئۇ تۈرمە تاملىرىغا كىـ - سەك بىلەن ئىسيانكار شېئىرلارنى يېزىپ تولدۇرىۋەتـ - كـەن:

تاقىتىم تاق بولدى مۇندىكى خەلقىنىڭ نىدايىدىن،
قۇلاقلىرىم گاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن.
گۇناھى نە ئىكەن بۇندا قامالغان نەۋ قىرانلارنىڭ؟
ھەققە ئۇيغۇنى يوقتۇر تېڭىلغان شۇم گۇمانلارنىڭ.
بۇلبۇللار تۇتقۇن بولدى يۇرتنى بۇلغىدى قاغا،
كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۈن ئېسىلۇر دارغا.
ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۆندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.

....

1937 - ژىلى 29 - مايدا شېڭ شىسەي ھاكىمـ - يىتىگە قـارشى ئىسيان كوتەرگەن مـەھمۇد شىجاڭـ - نىڭ قالدۇق قىسىملىرى يەكەندىكى ئاندۇنىياز كامالـ - نىڭ باشچىلىقىدا ماخوسەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قەشقەر شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان.شۇ چاغدا قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىنى كېڭەش ئىتتىپاقـى قىرغىز ئاتلىق پـولكىنىڭ كوماندىرى پـولكوۋنىك مەۋلانـوۋ ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئىسيانچى قوشۇن بىلەن كېـ - چىچە ئېتىشىپ، ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، 30 - ماي كۈنى تاڭ سەھەردە تۈرمىدىكى مەمتىلى ئەپەنـ - دى باشلىق 300 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ، پۇلېميوتقا تـۇتـۇپ بولۇپ ئاندىن كېروسىن چېچىپ كـويدۇرىۋەتكەن. بۇ مىسلىسىز پاجەدە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇ - نەۋۋەر ئوغۇللىرىدىن، جۈملىدىن 20 - ئەسىر ئـۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇق مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىـ - لاتچى، ئوت ژۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مـەمتىلـى ئەپەندىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇ شۇ چاغدا ئـەندىلا 36 ياشقا كىرگەن نەۋقىران ژىگىت ئىدى.» (يالقۇن روزى، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» (ماقالـە - ئوبزورلار) ئۈرۈمچى، ش ئۇ ئا ر خەلق نـەشرىياتـى، 148 - 149 - بەتلەر.)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق پـەرزەندى مەمتىلى ئەپەندى ۋە باشقىلارنىڭ مۇنداق ۋەھشىلەرچە ئۆلتەـ - رىلىشى ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپـ - رىتىنى قوزغىغان ئىدى. بۇ پاجەدىن خەۋەر تاپقان ئاتۇش خەلقى: «ئىشىك ئالدىدا تورت ئۇرۇس، تورتـ - لىسىدە پاپىروس، ئەپەندىمنى ئۆلتەرگەن قادىر ھا - جى جا ئۇرۇس» دەپ قوشاق توقـۇپ ژىغلىغان ئىـ - كەن. خوش، قادىر ھاجى دېگەن كىم؟ قادىر ھاجى دېگەن جاللات شېڭ شىسەيگە ئۇيغۇرلار دىـ - يارىدا 1937 - ژىلدىن باشلاپ تېررورلۇق ھەرىكەتـ - نى تېخىمۇ ئۇۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن كېڭەش ئىتتىپا - قى ن ك ۋ د يارەمگە ئەۋەتكەن قانخور ئـۈچ ھاجىـ - نىڭ بىرى. س س س ر ن ك ۋ د دا مەخسۇس تەيـ - يارلىقتىن ئوتكەن بۇلار: سېيىت ھاجى، ھاشىم ھا - جى ۋە قادىر ھاجىدۇر. مەككارلىقتا شـەيتانىمۇ دە - رىس بېرىدىغان جاللات شېڭ شىسەي بۇ جاسۇسلار - نى: سېيىت ھاجىنى ئۈرۈمچىدىكى، ھاشىم ھاجىنى قۇمۇلدىكى، ئەندى قادىر ھاجىنى بولسا قـەشقەردىـ - كى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تـايىنلىـ - غان. بۇ ئىمانسىز جا ھاجىلار س س س ر ن ك ۋ د ئورگانلىرىدا ئېگىلىگەن جاسۇسلۇق مـاھارىتىنى بۇ ساقچى ئورگانلىرىدا نامايىش قىلىپ، ئۆز خـەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان مۇناپىقلاردۇر.

مەمتىلى ئەپەندى بىزنىڭ قەلبىمىزدە 20 - ئە - سىردە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىـ - لارنىڭ بىرى سۈپىتىدىكى ئاجايىپ نامايەندە بـو - لۇپ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

يـادىكار سـابىتى.

شىددەتلىك قارشىلىققا دۇچار بولدى

ئامېرىكا - بىرىتانىيە ئەسكەرلىرى ئۈچ - تورت كۈنـ - دىلا باغداتنى ئىشغـال قىلىمىز دېگىنىدەك بـولمىدى. ئىراق ئەسكەرلىرى شىددەتلىك قارشىلىق كورسەتمەكتە. ئا ق ش ۋە بىرىتانىيەنىڭ زەربىدار قىسىملىرى بەزى يەر - لەردە ئىلگىرلەلمەي، زىيانغا ئۇچرىماقتا. ئامما... ئاق ش قا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا زادىلا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ ئۇرۇش - نى باشلاش ئۈچۈن ئۇرغۇن كـۈچ چىقاردى. ئـۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دەپ ھېساپلانغان ئىتتىپاقداشلىرى بىلەنمۇ ئارازلىشىپ قالدى.

ئەندى ئاق ش پرېزىدېنتى ج. بۇش ئىراققا قـارشى ژۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۇرۇشقا ۋە ئۆز ئېلىدا تېررورىزمغا قار - شى كۈرەشنى كۈچەيتىش مەخسىتىدە كونگرېسقا قو - شۇمچە 7، 74 مىللىارد دوللار ئاجرىتىش ئىلتىماسى بىـ - لەن مـۇراجەت قىلدى. پرېزىدېنت 6، 62 مىللىارد دوللارنى مۇداپىئە مىنىسترلىكىگە ئەۋەتىشنى نىيەت قىلـ - ماقتا. ئاسوشىيېتىد پرېس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىـ - شىچە، مۇنچىلىك مىقداردىكى مەبلەغ ئىراقتىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالتە ئايغا سوزۇلۇشىغا مولچاللانغان.شۇنـ - داقلا بۇ مەبلەغ ئىراققا قوشۇمچە ئەسكەرلەرنى يـەتكۈ - زۈشكە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئە - مەلگە ئاشۇرۇشقا، ئۇرۇشتىن كېيىن ئىراقتىكى ۋەزىيەتـ - نى ئوڭشاشتۇرۇشقا ۋە ھەربىي خىزمەتچىلەرنى ئويلىرىـ - غا قايتۇرۇشقا سەرپ قىلىنىدۇ.

ئەندى ئىراققا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم بېرىشكە ھـەم ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە 2،45 مىللىارد دوللار سەرىپ قىلىش كوزدە تۇتۇلماقتا. كوپلـ - گەن كونگرېس ئەزالىرىنىڭ پىكرىچە، بۇ مەبلەغ ژۈقۇرىدا پىلانلانغان ئىشلارغا بەرى بىر يەتمەيدۇ. قالغان مـەبلەغ ئۇرۇشتا زىيانغا ئۇچرىشى ئېھتىمال بـولغان ئىسرائىل، ئاۋغانىستان ۋە ۋاشىنگتوننىڭ باشقىمۇ ئىتتىپاقداشلىرى ئۈچۈن، شۇ جۈملىدىن ئا ق ش دىكى تېررورلۇق ھـەرىـ - كەتلەرگە قارشى سـەرىپ قىلىنىدۇ.

خ خ ج رەھبەرلىگىدىكى ئۆزگىرىشلەر

يېقىندا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىكـ - دە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مەملىكەتتىكى ھاكىمـ - يەت بېشىغا خۇ جىڭتاۋ كېلىپ، جياڭ زېمىن ھـەربىي كېڭەشنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە قالدى.

ختاي ئاساسىي قانۇنىغا مۇۋاپىق،1954 - ژىلى جا - رىي قىلىنغان خ خ ج رەئىسى لاۋازىمى 1975 - ژىلى كۈچىدىن قالدۇرۇلۇپ، 1982 - ژىلى ياڭلىۋاشتىن ئەكـ - سىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. دولەت رەھبىرى بولۇپ ھېـ - ساپلىنىدىغان رەئىس خ خ ج دولەت كېڭەشنىڭ پرېمـ - يېرى لاۋازىمىغا تايىنلاپ، قانۇنلار بىلەن پەرمانلارنى چىقىرىدۇ، شۇنداقلا ختاينىڭ چەت ئەللەردىكى دىپلو - ماتىك ۋەكىللىرىنى تايىنلايدۇ.

يېقىندا بېجىندا پـۇتكۇل ختاي خـەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ نوۋەتتىكى مەجلىسـى ئوتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭـ - دا ۋېن جىزباۋ ختاي ھوكۇمىتىنىڭ باشلىقى - خ خ ج دولەت كېڭەشنىڭ پرېمېرى بولۇپ سايلاندى. 60 ياشلىق ۋېن جىزباۋ ھوكۇمەت باشلىقى لاۋازىمىدا 74 ياشلىق جۇ ژۇڭزىنى ئالماشتۇردى.ختايدا يېشى يەتكەنـ - دە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئوز ئورنىنى نوۋەتتىكى بىرىـ - گە تاپشۇرۇش «ئەنئەنىسى» دېڭ شياۋپىڭدىن باشلانـ - غان ئىدى.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى «كوممۇنىزم تۇغى»(ھا - زىرقـى «ئـۇيغۇر ئاۋازى») گېـزىتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى

تۇداخۇن نەزەروۋنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەر - ھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قاي - غۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى گېزىتنىڭ سابىق خادىـ - مى، شائىر

سېرىك كاتتىبايېۋنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەر - ھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قاي - غۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېـ - زىتىنىڭ سابىق خادىمى، مەتبەئەچى

ھەبىب ئىسمائىلوۋنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەر - ھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قاي - غۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئاق ئۇستەڭ

ئوستەڭ پۈتۈپ، تومنى ئېچىپ سۇ باشلاش ۋاقتى كەلـ - گەندە، دەريا بويىغا كېلىپ، پـەستە كـوۋرەپ ئېقىۋاتقان قاش سۈيىنى كورگەن بىرى:

- بۇ بىر ئاخماقلىق، ئۈيماندىن دوڭگە سۇ باشلىغان نەدە بار؟ نەچچە ژىلدىن بېرى قىلغان ئـەجىر بىكار كېتىدىغان بوپتۇ - دە، ئەستاغپۇرۇللا، - دەپ ساقىلىنى سىيپاپتۇ. كەپـ - نىڭ ئاچچىقلىقىدىن زەردىسى قايىنىغان چورۇق ھېكىم:

- تەخسىر، سۇ قانچىلىك ئېگىزدىن دوملاپ چۈشسە، شۇنچىلىك ئېگىزگە دوملاپ چىقالايدۇ.بۇنى ئوز ئومرىدە بىرەر قېتىم غول ئېرىقنى ياقىلاپ باقمىغان ئادەم نـەدىن بىلسۇن، - دەپتۇ - دە، ھىلىقى كىشىگە كورسەتمەكچى بـو - لۇپ، ئوستەڭ چاپقانلارنى باشلاپ ئوستەڭنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ، تومنى ئاچتۇرۇپتۇ. سۇ ئوستەڭگە چۇشۇپ، شاقىـ - راپ ئېقىپتۇ. ئوستەڭنىڭ قىرىدا تۇرغان كىشىلەر قىقاس - چۇقان كوتۈرۈپتۇ. كىشىلەر: «ئاق - ئوستىڭىم، ئاق»، «ئاق - ئوستىڭىم، ئاق» دەپ ئوستەڭنىڭ ئىككى قىرىنى بويلاپ سۇ بىلەن تەڭ توختىماي ژۈگۈرەپتۇ. سۇ قەرەلىكە يەتكۈچە «ئاق- ئوستىڭىم، ئاق»، «ئاق - ئوستىڭىم، ئاق» دېگەن سا - دا زادىلا توختىماپتۇ. ئوستەڭگە باشلانغان ئۇلۇق سۇ قاش دەرياسىدىن چىقىپ تاكى سۈيدۈڭ - كۈرەگچە راۋان ئېـ - قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئوستەڭ چاپقانلار خوشال بوپتۇ. «ئوسـ - تەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دېگۈچى يەرگە قارايتۇ. شۇندىن كېـ - يىن كوپچىلىك «ئەجرىمىز زايە كەتمەي ئوستەڭدە سۇ ئاقـ - تى»، «تىلىگىمىز ئەمەلگە ئاشتى» دەپ ئـوستەڭگە «ئـاق ئوستەڭ» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

(«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» كىتاۋىدىن ئېلىندى).

دەريا - ئۆستەڭ، كۆل ۋە بۇلاقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئىلگىرى غۇلجىدىكى دېخانلار تـاغ سۈيى بىلەن تېـ - رىقچىلىق قىلىدىكەن. سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن پايانسىز يەر بـوزىرىپ تـۇرىدىكەن. بۇنى كورگەن دېخانلارنىڭ ئىچى پۇشىدىكەن. شۇ يوسۇندا خېلە كوپ ژىللار ئوتۇپتۇ. بىراق، ئۇلار ئارمىنىغا يېتەلمەي ژۈرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار قاش دەرياـ - سىدىن توپ توغرا كۈن پېتىشقا قارىتىپ، بوزىرىپ تۇر - غان يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى بويلىتىپ بىر ئوستەڭ چاپـ - ماقچى بوپتۇ. چورۇق ھېكىم دېگەن كىشى بۇ ئوستەڭنى قەيەردىن باشلاپ، قەيەرگە ئاپىرىشنى، قانداق چېپىشنـى سىزىپ بېرىپتۇ. دېخانلار چـورۇق ھېكىمنىڭ سىزىغىدىن قىل ئېرى - قىل بېرى كـەتمەي ئـوستەڭنى چېپىۋېرىپتۇ. ئوستەڭ 1825 - ژىلى چېپىلىپ بوپتۇ.

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

تېلېفون: 59 - 84 - 73

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.

تىراژى 1700 زاكاز 9698

ئالمۇتا، 480044 ئېيەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 - قەۋەت، 813 - خـانە

يېڭى ھايات

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Отпечатано в ЗАО «Дәуір». 480044, г. Алматы. ул.Жибек жолы, 50.

M 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 П 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10